دالي كارنېگ (ئامېرىكا)

# ئىنسان تەبىئىتىدىكى قاراڭغۇلۇق



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئىنسان تەبىئىتىدىكى قاراڭغۇلۇق

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ



ئىنسان تەبىئىتىدىكى قاراڭغۇلۇق

بۇ كىتاب - يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى قانداق جارى قىلدۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدۇ! بۇ دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ ئەتراپلىق ھەم سىستېمىلىق ھالدا، قارشىسىدىن چىقىپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قوزغاش بايان قىلىنغان كىتاب. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن ھالقىغان ھازىرقى زامان ئادەملىرىدىن بولاي دېسىڭىز پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭ.

دۇنيادا كەڭ تارقالغان بۇ ئۆلمەس ئەسەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلگۈچىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كومپاس.

ISBN 7-5371-4010-3

ISBN 7 - 5371 - 4010 - 3
I · 1952(民文)定价: 8.50 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com

دالې كارنېگ (ئامېرىكا)

# ئىنسان تەبىئىتىدىكى قاراڭغۇلۇق

—— قاراڭغۇلۇقنى مۇلاھىزە قىلىش،
يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قوزغاش

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز ئاتاۋۇللا

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据贵州人民出版社 2000 年 4 月第 1 版 第 1 次印刷本翻译出版.

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: نىجات مۇخلىس
مۇتەللىپ مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# ئىنسان تەبىئىتىدىكى قاراڭغۇلۇق

دالې كارنېگ (ئامېرىكا)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز ئاتاۋۇللا

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 6.875
2002 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 —4010 — 3/I・1952
سانى: 1—3000
باھاسى: 8.50 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ھاياتتىكى قاراڭغۇلۇق ................. 1
ئىككىنچى باب قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە
نەزەر .......................................... 23
ئۈچىنچى باب قاراڭغۇلۇقنىڭ شەكىللىنىشى.......... 50
تۆتىنچى باب مۇناسىۋەتتىكى قاراڭغۇلۇق ........... 69
بەشىنچى باب مۇۋەپپەقىيەتتىكى قاراڭغۇلۇق ...... 101
ئالتىنچى باب ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇت-
قۇزۇش ........................................... 115
يەتتىنچى باب قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈش .............. 195

www.uyghurkitap.com
ئۈيغۇر كىتاب تورى

# بىرىنچى باب

# ھاياتتىكى قاراڭغۇلۇق

## قاراڭغۇلۇقنى بىلىش

ئىنسان تەبىئىتىدىكى قاراڭغۇلۇق ئادەمنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىدىن تارتىپ تەبىئىي يوسۇندا تەدرىجىي راۋاجلىنىپ شەكىللىنىدۇ. ئەدەپ - قائىدە، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە سېخىيلىق ئەتراپتىكى مۇھىت تەرىپىدىن كۆڭۈلدىكىدەك خاراكتېر ئالاھىدىلىكى دەپ ئېتىراپ قىلىنغاندا، بىز قوپاللىق، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق شەخسىي ئوبرازغا ماس كەلمەيدىغان ئالاھىدە خاراكتېرنى قاراڭغۇلۇققا يوشۇرۇپ قويىمىز. شۇنداق قىلىپ، ئادەمدىكى ئۆزلۈك بىلەن قاراڭغۇلۇق خۇددى بىر جۈپ قوشكېزەككە ئوخشاش، كوندىلىك تۇرمۇشتىكى تەجرىبىلەردە ھەمىشەم قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە يېتىلىدۇ.

ئانالىتىك پسىخولوگىيىنىڭ ئاساسچىسى جۇڭنىڭ (Carl Jung) : «ئادەمدىكى ئۆزلۈك بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدا ئاجرالماس مۇناسىۋەت بار» دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «خاتىرە، چۈش ۋە رېفلېكس» (Memories, Dreams, Reflections) ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ چۈشلىرىدىن بىرىنى مۇنداق بايان قىلغان:

مەن قاراڭغۇ كېچىدە نامەلۇم بىر قاقاس چۆلدە بورانغا قارشى ئاستا كېتىۋاتاتتىم. ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلىغاندى. مەن پىلىلداپ تۇرغان بىر چىراغنى ئىككى قولۇمدا ئاۋايلاپ كۆتۈرۈۋالغانىدىم، كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە قولۇمدىكى شۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويماستىن ئېلىپ مېڭىشقا باغلىق ئىدى.

توساتتىن ئارقامدىن بىر نەرسە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۆرۈلۈپ قارىسام، بەھەيۋەت بىر قارا كۆلەڭگە ئارقامدىن ئەگىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. كۆڭلۈمنى بىردىنلا ۋەھىمە قاپلىۋالدى، لېكىن، مەن ئۆزۈمنى: «ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە قارىماستىن، بۇ قاراڭغۇ كېچىدىكى بوراندا چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىقىم كېرەك» دەپ ئاگاھلاندۇردۇم.

مەن ئويقۇدىن ئويغىنىپ، ھېلىقى قارا كۆلەڭگىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ سايىسى ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئۇ تۇندىكى تۇماندا قولۇمدىكى چىراغقا ئەگىشىپ ئارقامدىن كېلىۋاتقانىكەن. شۇ چاغدا مەن، ئۇ چىراغ مېنىڭ شەخسىي ئېڭىم، مېنىڭ بىردىنبىر يېتەكچىم ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتىم. زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇ بەكمۇ ئاجىز بولسىمۇ، يەنىلا چىراغ، مېنىڭ بىردىنبىر نۇرلۇق چىرىغىم ئىدى.

قاراڭغۇلۇق كۆپ خىل كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدا شەكىللىنىدۇ، بۇ كۈچلەر بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىش - ئىپادىلەنمەسلىكىنىمۇ تۈپتىن بەلگىلەيدۇ. بىز ئاتا - ئانا، جانجىگەر قېرىنداش، ئۇستاز، دىن ۋە دوست-بۇرادەرلەردىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىت-

تىن رەھىمدىل، ئادىل ۋە ئەخلاقلىق بولۇشنى ئۆگىنىمىز، پەسكەشلىك، ئار ـ نومۇس ۋە جىنايەتنىمۇ چۈشىنىۋالىمىز.

قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەرىكىتى گويا كۆڭۈلنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا ئوخشاش، ئۆزلۈك بىلەن غەيرىي ئۆزلۈككە تەۋە قىسىملارنى شاللاپ ئايرىيدۇ. مەدەنىيەت ۋە ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقنى ئايرىش ئۆلچىمى جەزمەن پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، غەزەپ ـ نەپرەت ۋە تاجاۋۇزچىلىقنى A مۇھىتتا ئىپادىلەش مۇمكىن، لېكىن، B مۇھىتتا چەكلەنگەن دەپ قارىلىدۇ؛ جىنسىي تەلەپ، تاپا ـ تەنە قىلىش قاتارلىق ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك ئىپادىلىنىشى ياكى مالىيە، سەنئەتكە بولغان قىزغىنلىقلار مۇھىتنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ رىغبەتلەندۈرۈلۈشى ياكى تورمۇزلىنىشى مۇمكىن.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى تەرېپىدىن چەتكە قېقىلغان تۇيغۇ ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇلۇققا قوغلىنىپ، ئىنسان تەبىئىتىدىكى قاراڭغۇلۇققا يوشۇرۇنغان كۈچ بولۇپ توپلىنىدۇ. ئەمما، بۇ كۈچلەرنىڭ بىزنىڭ ئاتالمىش سەلبىي ئالاھىدىلىكىمىز بولۇۋېرىشى ناتايىن. جۇنگې نەزەرىيىسىنىڭ ئانالىزچىسى لىرئان: «بۇ قاراڭغۇلۇق خەزىنىسى بىزنىڭ گۆدەك پىسىخىكىمىزنى، كەيپىياتىمىزنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ۋە روھىي جەھەتتىكى كېسەللىرىمىزنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، تېخى جارى قىلدۇرۇلمىغان تۇغما ئىقتىداردىمىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ قەيت قىلغان. ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قاراڭغۇلۇق روھىمىزنىڭ يوقىتىپ قويۇلغان بۆلىكى بىلەن تۇتىشىپ، ھاياتىي كۈچكە ۋە داۋام-

لىشىش كۇچىگە تولغان بولىدۇ، بىز ئۇنىڭدىن ئىنسان
تەبىئىتىگە مەنسۇپ يۇكسەك ئىجادىي كۇچنى سېزەلەي-
مىز.»

## قاراڭغۇلۇقنى ئىنكار قىلىش

قاراڭغۇلۇقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش قىيىن. ئۇ
گويا ئاڭ چىرىغى ئۆز ئىز - دېرىكىنى قىلىپ هالاك بولۇش-
تىن قورققانغا ئوخشاش، خەۋپلىك ۋە تەرتىپسىز هالدا مەڭ-
گۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ.

جۇنگې نەزەرىيىسىنىڭ ئانالىزچىسى جېمىس هېرمان
مۇنداق دەيدۇ: «ئاڭسىزلىق ئاڭلىقلىقا ئايلىنالمايدۇ؛
خۇددى ئايىنىڭمۇ قاراڭغۇ يۈزى بولغىنىغا، قۇياشىنىڭمۇ تاغ
كەينىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن هەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقنى
يورۇتالمىغىنىغا ئوخشاش. هېچقانداق ئادەم ئىجابىي تەرەپ
بىلەن سەلبىي تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرەلمەيدۇ.»

شۇ ۋەجىدىن، بىز هامان ئەڭ ۋاستىلىك ئۇسۇل بى-
لەن قاراڭغۇلۇقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز،
مەسىلەن، باشقىلارنىڭ كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان خاراك-
تېرى ياكى هەرىكىتىنى مۇلاهىزە قىلغاندا، مەلۇم ئادەم
ياكى مەلۇم كوللېكتىپنىڭ مەلۇم خاراكتېرلىك خۇسۇسىيە-
تىنى، مەسىلەن، هۇرۇنلۇقى، ئەخمەقلىقى، شەهۋەتپەرەس-
لىكى ياكى ئالىيجاناب مىجەز - خۇلقىنى كۆرۈپ هېسسىيا-
تىمىزدا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا بولغاندا، بىزدە جۇش ئۇرۇپ
تۇرغان يىرگىنچ كەيپىياتى ياكى مەدهىيىلەش نىيىتى
ئۆز - ئۆزىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئىنكاس دەل ئۆزد-

www.uyghurkitap.com

مىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ گەۋدىلىنىش ھادىسىسىدۇر. بىز بىر خىل يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ھامان باشقىلارنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئالاھىدە خاراكتېرىنى يېنىكلىك بىلەن ئەيىبلەيمىز؛ ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنىڭمۇ شۇنداق ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى رەت قىلىمىز، ھەتتا ئۇنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايمىز.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئادەمدىكى قاراڭغۇلۇق تېخى ئېچىلمىغان، ئىپادىلەش قىيىن بولغان ھەر خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەلبىمىزدىكى ئاڭسىز رەۋىشكە ئىگە ئالاھىدە خاراكتېر ئۆزلۈك ئېڭىمىزنىڭ كەم قىسمىنى تولدۇرغاندىن سىرت، ئېڭىمىزدا ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغان ۋە سەل قارىغان، ئۇنتۇپ قالغان ياكى نىقابلىغان ئالاھىدە خاراكتېرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت باشقىلار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا مەلۇم سۈركىلىش يۈز بەرگەندىلا سېزەلەيمىز.

## قاراڭغۇلۇقتا جىددىي قاراش

گەرچە بىز قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىۋاسىتە كۆرەلمىسەكمۇ، ئۇ يەنىلا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىز ئىچىمىزدىكى يوشۇرۇن، پەسكەش، ھەتتا ۋەھىمىلىك روھىي ھالىتىمىزنى يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق ئۇسۇل بىلەن، ئالايلۇق، سېرىق لەتىپە، ھەييارلىقلار بىلەن ئىپادىلەيمىز؛ ئەگەر كىشىنى كۈلدۈرىدىغان ھەرىكەتلەرنى، مەسىلەن، مەلۇم كىشىنىڭ بانان شۆپۆكىگە تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى ياكى ئا-

دەمىنىڭ بەدەن ئەزالىرىنى تېتىقسىزلىق بىلەن ئىپادىلىگىنى-
نى كۆرگىنىمىزدە، قاراڭغۇلۇقنىڭ جانلىق ئىكەنلىكىنى
بايقايمىز. پسىخولوگلار «يۇمۇرلۇق ھېسسىياتى كەم كىشى-
لەرنىڭ تېخىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىغان قاراڭغۇ تەرىپى بولۇ-
شى مۇمكىن» دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى، لەتىپىگە مەسخى-
رە، كۈلكە ئىنكاسى قايتۇرىدىغىنى ئادەتتە قاراڭغۇلۇقنىڭ
ئۆزى بولىدۇ.

ئەنگلىيىلىك پسىخىكىلىق ئانالىز ئالىمى مورىس
«كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا تۆۋەندىكى ئالتە خىل ئەھۋالدا
قاراڭغۇلۇقنى ئۇچرىتىپ تۇرۇپ سەزمەي قېلىشىمىز مۇم-
كىن» دەپ قارايدۇ.

بىرىنچى، بىز باشقىلارنى مۇبالىغە بىلەن تەنقىد قىلغان-
دا. مەسىلەن، «ئۇنىڭ شۇنداق ئىشنى قىلىدىغانلىقىغا زادى-
لا ئىشەنمەيۋاتىمەن»، «ئۇنىڭ شۇنداق كىيىمنى قانداقلارچە
كىيگەنلىكىنى ئۇقمىدىم!»

ئىككىنچى، باشقىلاردىن سەلبىي قايتما ئىنكاسقا ئىگە
بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن قارشى تەرەپكە بىۋاسىتە سېزىم ئاسا-
سىدىكى رېفلېكسلىق ھەرىكەت قىلغاندا. مەسىلەن، «بۇ
سىزنىڭ ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويماي ئۇچىنچى قېتىم كېچىكى-
شىڭىز!»

ئۈچىنچى، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇناسىۋەتتە،
بىز ئوخشاش بولغان بىسەرەمجانلىق ھېسسىياتىمىزنى ئوخ-
شاش بولمىغان بىرنەچچە ئوبيېكتقا ئىزھار قىلغاندا. مەسى-
لەن، «سام ئىككىمىز سېنى ئەزەلدىن بىزگە ئانچە ئوچۇق
پىكىرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماي كەلدى دەپ قارايمىز.»

تۆتىنچى، بىز ھاياجاندا ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن قىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

غان ھەربىكىتىمىزدە. مەسىلەن، «ئوھوي! مەن بۇ گەپنى قەستەن قىلمىدىم!»

بەشىنچى، ئىزا ـ ئاھانەتكە قالغان سورۇندا. مەسىلەن، «ئۇنىڭ قىلغان مۇئامىلىسى ماڭا ئىزا ـ ئاھانەت بولدى.»

ئالتىنچى، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىگە نىسبەتەن غەزەپىمىز ئېشىپ كەتكەندە. مەسىلەن، «ئۇ ھەرگىز ۋاقتىدا ھېساب بېرەلمەيدۇ!» ياكى «يائاللا! ئۇنىڭ ئامال قىلىپ تەن ئېغىرلىقىنى كونترول قىلمىغىنىنى قاراڭ!»

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل ئەھۋاللاردا، بىز مەلۇم غەزەپ ياكى ئىزا ـ ئاھانەتتىن كېلىپ چىققان كۈچلۈك ھېسسىياتنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغاندا قاراڭغۇلۇق ئويلىمىغان يەردىن پارتلاپ چىقىدۇ. قاراڭغۇلۇق ئادەتتە ئۇچقۇنداپلا دەرھال غايىب بولىدۇ، چۈنكى ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇققا جىددىي قاراش قورقۇنچلۇق ۋە كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر خىل تەجرىبە.

مۇشۇنداق بولغاچقا، گەرچە دەرھال ئۆرۈلۈپ قاراڭغۇلۇقتىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىۋالساقمۇ، ئەمما باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش خام خىيالى، ئۆلۈۋېلىش نىيىتى ياكى كىشىنى ئوسال ئەھۋالدا قالدۇرىدىغان ئاچ كۆزلۈك قاتارلىقلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىمىزنى ئاللىقاچان ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى سېزەلمەيمىز. ئاتاقلىق روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى لېنئان ئادەم ئۆز قاراڭغۇلۇقىنى كۆڭلىدە ئىنكار قىلىدىغان رېفلېكسلىق ھەرىكەتنى پوئېتىك ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن:

ئويلىغىنىمىز ۋە قىلىدىغىنىمىز
بىپەرۋالىقىمىزنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.
سېزەلمەيمىز
شۇڭا گاڭگىراپ يۈرۈۋېرىمىز،
ئۆزگەرتىش كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنىمۇ بىلمەيمىز.
ئۆزىمىزنىڭ هاماقەتلىكىنى سەزگەندىلا
بىپەرۋالىقنىڭ ئويىمىز ۋە هەرىكىتىمىزگە
زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

ئەگەر قاراڭغۇلۇقنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالساق، خۇددى لېنىنئان ئېيتقاندەك، ئۆزىمىزنىڭ بىپەرۋالىقىنى سېزەلمەي قالىمىز. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئادەم ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا، ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇققا جىددىي قاراش بىرقەدەر ئاسانلىشىدۇ، چۈنكى بۇ مەزگىلدە ئادەمنىڭ يوشۇرۇن نەپسىنى ئۆزگەرتىش ئەڭ ئاسان بولىدۇ، قىممەت قارىشى جەهەتتە 180 گرادۇسلۇق بۇرۇلۇش هاسىل قىلىش ئېھتىمالى ئوڭاي. بۇنداق بۇرۇلۇش ياكى سىلجىش بۇرۇنقى يامان ئادەتلەرنى بۇزۇشقا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن ياكى ئۇچەكتە تۇرغان يوشۇرۇن تۇغما قابىلىيەتنى ئويغىتىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر بىز قەدىمىمىزنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، بۇ خىل بۇرۇلۇشقا دىققەت قىلماستىن، بىر خىل يوسۇندا ئاۋۋالقى تۇرمۇش قەدىمى بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولساق، ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلىدىكى تۇرمۇشنىڭ بەرگەن ساۋاقلىرىنى سېزەلمەي قالىمىز.

شۇنىڭدەك، مەيۇسلىنىشنى قاراڭغۇلۇق بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئۇنى روهىي دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ هازىرقى زاماندىكى مەهسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن،

ئۇچرايدىغان زىددىيەتلىك ساختىلىقلارغا جىددىي قاراشقا مەجبۇر قىلماقتا.

كۆپ سانلىق شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلار جەمئىيەت قوبۇل قىلالايدىغان ئۆلچەم بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىجتىمائىي ئۆلچەم ئىنكار قىلىنغان قاتلامدا تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. كېيىنكىلەر سەلبىي تەشكىلاتلارنىڭ پروپېكسىيە نىشانىغا ئايلانغاندا، كوللېكتىپتىكى قاراڭغۇلۇق ئىرقىي بىر ياقلىما قاراش، دۈشمەن پەيدا قىلىش، بالاغا قالغۇچىلارنى تېپىش قاتارلىق نامىلار بىلەن يىغىلىپ شەكىللىنىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى قاباھەتلىك ئىمپېرىيە ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە بولسا ئامېرىكا قورقۇنچلۇق شەيتان. ناتسىستلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەھۇدىيلار سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قولاق كەستىلىرى. خرىستىئان دىنىنىڭ تەركىدۇنياچى موناخلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاياللار جىنايەتنىڭ سىمۋولى دېمەكتۇر. جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنىڭ ھىمايىچىلىرى ياكى ئامېرىكىدىكى KKK پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، نېگىرلار ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىنسان، ئۇلار ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن بولماسلىقى كېرەك.

بۇنداق كۈچلۈك ھېسسىياتقا ھەمراھ بولغان گېپنوزلۇق كۈچى ۋە يامراشنىڭ ماھىيىتى دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى ئىرقىي زىيانكەشلىك، دىنىي ئۇرۇش ۋە بالاغا قالغۇچىلارنى ئىزدەش تاكتىكىسىدا ئېنىق كۆرۈلمەكتە. ئىند-

سانلار مۇشۇ يول ئارقىلىق باشقىلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرد-
نى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنماقتا ھەمدە بۇنداق ھەربكەتنىڭ
ئادىل ئىكەنلىكىنى — دۈشمەننى قىرىش ئۆزلىرىگە ئوخشاش
ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈشتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى ئىسپات-
لاشقا تىرىشماقتا.

بىز تارىخىي قىسسەلەردىن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىنسانلار-
نىڭ ئىجادىي كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىتە ھايۋانغا، دىنو-
زاۋرغا، ئۆزىنى ياراتقان ئادەمنى گۇمران قىلىدىغان غەلىتە
مەخلۇققا، بەھەيۋەت ئاق كىتقا، باشقا پلانېتادىن كەلگەن
ئادەمگە ياكى پەسكەش مۇتتەھەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى
كۆرىمىز، ئەمما ئۇلاردىن ئۆز - ئۆزىمىزنى كۆرەلمەيمىز.
بىراق، ئىنسان تەبىئىتىدىكى قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش
ئەزەلدىن سەنئەت بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش
نىشانىدىن بىرى بولۇپ كەلدى. خۇددى گېرمانىيە پەيلاسوپى
نيېتز ئېيتقاندەك: «سەنئەتكە ئىگە بولۇش بىزنى پاكىتنىڭ
ئۆلۈمىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.»

بىز سەنئەت، ئاخبارات ۋاستىلىرى، جۈملىدىن سىيا-
سىي تەشۋىقاتنىڭ ياردىمى بىلەن شەيئىلەرنى قاباھەتلىك ياكى
سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىپ يارىتىمىز ھەمدە ئۇنىڭدىن كۈچ
ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەپسۇنلىرىنى يېششكە ئۇرۇنىمىز. بەلكىم
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشپەرەسلەر ۋە ئەسەبىي دىنىي ئۇد-
سۇرلار پەيدا قىلغان زوراۋانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگە
نىمە ئۈچۈن شۇنچە دىققەت قىلىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈ-
رۈشكە ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. گەرچە كۆڭلىمىزدە ئۇ
كىشىلەرنى قاباھەت، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ دۈشمىنى
دەپ قارىساقمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىمىزدە يەكلەنگەن

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ زوراۋانلىق ۋە قالايمىقانچىلىقتا تولغان تۈرلۈك غەلىتە هادىسىلەر بىزنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، پروپېكسىيە رولىمۇ نېمە ئۈچۈن تېررورلۇق رومانلىرى ۋە كىنولىرىنىڭ شۇنچە كەڭ ئالقىشلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. قاراڭغۇلۇقنى ئورۇن يۆتكەپ شەرھلەش قائىدىسىدىن قارىغاندا، كۆڭلىمىزدىكى مۇدهىش هاياجان تىياتىرخانىلاردا ياكى كىتابلاردا قوزغىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىخەتەر ۋە غەم - ئەندىشىسىز هالدا پەسكويغا چۈشىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بالىلار قاراڭغۇلۇق توغرىسىدىكى مۇلاهىزىلەرنى ئادەتتە ئۆزى ئاڭلىغان هېكايىلەرنىڭ مەزمۇنى ئارقىلىق چۈشىنىدۇ؛ بۇ هېكايىلەردە ئادەتتە ئاق كۆڭۈل بىلەن رەزىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاق كۆڭۈل پەرىشتىلەر بىلەن ۋەهىمىلىك ئىبلىسلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش تەسۋىرلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بالىلارمۇ ئۆز نەزىرىدىكى ئەر - ئايال قەهرىمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازاغا ئورۇن يۆتكەش يولى بىلەن بەرداشلىق بېرىدۇ هەمدە ئۇنىڭدىن ئىنسانلار تەقدىرىنىڭ ئورتاق تېپلىرىنى ئۆگىنىدۇ.

بۈگۈنكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە دراما، مۇزىكا، هەرخىل ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش جېڭىدە، قاراڭغۇلۇقنى بېسىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا جىددىي موهتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. گۆدەك ئەۋلادلارنى تىرىشىپ مۇهاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، مەتبۇئات، كىنولارنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار «كىچىك قىزىل بۆك» نىڭ ۋەقە-

لىكنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ، قىزچاقنى بۆرىنىڭ مومىسى-
نى يەۋېتىدىغان نەق مەيداندىن چىقىرىۋەتتى؛ شۇنىڭدىن
كېيىن، گۆدەك باللار رېئال تۇرمۇشنىڭ يامان تەرەپلىرى
بىلەن ھېچقانداق روھىي تەييارلىقى يوق ئەھۋالدا ئۇچرىشى-
دىغان بولدى.

خۇددى جەمئىيەتكە ئوخشاش، ھەربىر ئائىلىنىڭ مۇ-
قەررەر ھالدا مۇقىم چەكلىمىسى ۋە ئۇنىڭ قاتتىق بەلگىلەن-
گەن دائىرىسى بولىدۇ. ئائىلىدىكى قاراڭغۇلۇق شۇ ئائىلە
ئېگىسىنىڭ سىز نىمىدىكى چەتكە قېقىلغان بارلىق نەرسىلەرنى،
بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ ئۆز ئوبرازى ئۇچۇن قاتتىق تەھدىت بولى-
دىغان ھېسسىيات ۋە ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خرىس-
تىئان دىنىدىكى ئىخلاسمەن، مۇتەئەسسىپ ئائىلە ئۇچۇن
ئېيتقاندا، ئۇ مەستلىك ياكى باشقا دىندىكىلەر بىلەن توي
قىلىشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ بىرقەدەر ئەركىن، ئاتې-
ئىزمچى ئائىلە ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ ئوخشاش جىنستىكىلەر
ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشى مۇم-
كىن. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئاياللارنى ئۇرىدىغان ۋە بالى-
لارنى خارلايدىغان ھەرىكەت ئەزەلدىن ئائىلىدىكى قاراڭغۇ-
لۇققا يوشۇرۇپ قويۇلدى؛ لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بولسا
خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش خەلقئالەم ئالدىدا ناما-
يان بولماقتا.

قاراڭغۇلۇق ھازىرقى زاماندىكى ئېۋولىيۇتسىيىنىڭ يېڭى
قىياپىتى ئەمەس، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى
ۋە تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى. ئەمەلىيەتتە، بەدىنىمىزدىكى
ھۈجەيرىلەرنىڭ بىئولوگىيىلىك خاراكتېرى قاراڭغۇلۇقنىڭ
مەنبەسى. بىزنىڭ ھايۋاناتتىن بولغان ئاتا - بوۋىلىرىمىز

قانداقلا بولمىسۇن چىشى ۋە تىرنىقى ئارقىلىق رىقابەتلىشىپ ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا، بىزنىڭ ئېچكى ۋەھشىيلىكىمىز ئەمەلىيەتتە يوكسەك دەرىجىدە جانلىق — پەقەت ئۇ كۆپ ھاللاردا مەدەنىيەتنىڭ قەپىسىگە سولاپ قويۇلىدۇ، خالاس.

بىرمۇنچە ئىنسانشۇناسلار ۋە ئىجتىمائىي بىئولوگىيە ئالىملىرى شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئىنسانلاردىكى قاباھەت ئېچكى ياۋايىلىقىمىزنى چەكلىگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا تەبىئەتتىن ھالقىغان مەدەنىيەتنى تاللاپ، ئېپتىدائىي ياۋايىلىقىمىز بىلەن بولغان ئالاقىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. ۋراچ ۋە ئىنسانشۇناسلىق سالاھىيىتىدىكە ئىگە مارۋىن كېنار «بوغقۇچلانغان قانات» دېگەن ئەسىردە ھايۋانات باغچىسىغا بارغانلىقىنى ھېكايە قىلغان: ئۇ ھايۋانات باغچىسىدا يۇرۇپ «يەر شارىدىكى ئەڭ خەتەرلىك ھايۋان» دېگەن خەتنى ئوقۇغان چېغىدا، ئۆزىنى ئەينەككە قاراۋاتقاندەك ھېس قىلغان.

## ئۆزىڭىزنى ئېنىق تونۇڭ

ئىنسانلار ئۇزاق قەدىمكى زاماندىلا قاراڭغۇلۇقنىڭ ئوخشاش بولمىغان بىرمۇنچە قىياپەتكە — شەخس، كوللېكتىپ، ئائىلە ۋە بىئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇزاق قەدىمكى زاماندا گرېكلار پانناسىس تېغىنىڭ باغرىدا ياسىغان، ھازىر ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنىڭ ماڭلاي تېشىغا ئىبادەتخانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كاھىنلىرى ئىككى جۈملە مەشھۇر ئابىدە خېتى ئويۇپ قويغان؛ ئۇ ھېلىمۇ بىز ئۇچۇن چوڭقۇر ئەھمى-

يەتكە ئىگە تەۋسىيە. ئابىدىدىكى «ئۆزىڭىزنى ئېنىق تونۇڭ» دېگەن بىرىنچى جۈملە سۆز بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە كەڭ تەتبىق قىلىنماقتا. ئۆزىڭىزنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئېنىق تونۇڭ — ئىلاھنىڭ ئەلچىسى بولغان كاھىنلار بىزنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆزنى «ئۆزىڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئېنىق تونۇڭ» دەپمۇ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، بىز گرېتسىيە ئىدراكى بىلەن تومۇرداش. بىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۆزى ئاڭلىق رەۋىشتىكى ئېغىر يۈكنى ساقلاپ قالغان، ئۇ كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان پارچىلانغان تەبىئەتتۇر. گرېكلار بۇنى ئىنتايىن پۇختا چۈشىنىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ دىنىمۇ تۇرمۇشتىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئورنىنى تولدۇرغان. گرېكلار ھەر يىلى ئاپوللو ئىبادەتخانىسى جايلاشقان گۇددافىنىڭ تاغ باغرىدا دىئونىزيە بايرىمىنى خۇشال - خۇرام تەبرىكلەپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ ۋە ئىجادىي كۈچكە ئىگە تەبىئىي ئىلاھى بولغان دىئونىسوسقا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

لېكىن بۈگۈنكى كۈندە دىئونىسوس ھاراق ئىلاھى بىزنىڭ جىنايەتنىڭ سىمۋولى — شەيتان ھەققىدىكى پارچىلانغان تەسىراتىمىزدا بىر خىل چېكىنگەن شەكىلدە ياشىماقتا. ئۇ ئەمدى «ئىلاھ» دەپ قارالماستىن ياكى ھۆرمەتلەنمەستىن، ئەكىسچە، چۈشكۈنلەشكەن پەرىشتىلەر قاتارىغا قوشۇپ قويۇلدى.

پسىخولوگلار ئىبلىس بىلەن ئادەمدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئالغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «خاسلىقتا ئاتا قىلىنغان پرىنسىپلار ئەمەلىيەتتە ئىبلىسلارچە تەبىئەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن مۇناسىۋەتلىك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىبلىسلار-چە خاراكتېر بىر پۈتۈن تەبىئەتتىن پارچىلىنىپ چىققان، بۇ ئىبلىسلارچە خاراكتېر كەيپىيات، ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچى قاتارلىق خاراكتېردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار ئادەم تەبىئىتىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى پارچىلىغۇچىلار.»

## ھەرقانداق ئىشنى ئاشۇرۇۋەتمەڭ

ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنىڭ ماڭلاي تېشىدىكى ئابىدە خېتىنىڭ ئىككىنچى جۈملىسى بىز ياشاۋاتقان دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىشى مۇمكىن. «ھەرقانداق ئىشنى ئاشۇرۇۋەتمەڭ.» — بۇ گرېتسىيە ئىلاھى قالدۇق ئابىدە تېشىدا قالدۇرغان مۇراجىئەت. كلاسسىك ئىلىم ئالىمى جېينىزى بۇ نەسىھەتنى مۇنداق تەرجىمە قىلىش مۇمكىن دەپ قارايدۇ: «ئەڭ يۇقىرى چەكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەملا بۇ ئەقلىيە سۆزنى تونۇش مىزانى قىلالايدۇ، جىنسىي ھەۋەس، ئاچ كۆزلۈك، ئۆچمەنلىك، قارىنى يامانلىق ۋە چەكتىن ئاشقان تورلۇك ئىشلارنى چۈشەنگەن، يەنى ئۆزىنىڭ ئاشۇرۇۋېتىش دەرىجىسىنى چۈشەنگەن ۋە ئېتىراپ قىلغان كىشىلەرلا ئۆز ھەرىكىتىنى قانۇنىيەتكە ۋە ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە قىلالايدۇ.»

بىز خەۋپلىك ۋە ئىنتايىن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن دەۋردە ياشىماقتىمىز: بەك كۆپ نوپۇس، بەك كۆپ جىنايەت، بەك كۆپ ئېكسپىلاتاتسىيە، ھەددىدىن ئارتۇق بۇلغىنىش ۋە ھەددىدىن ئارتۇق يادرو قورالىرى مەۋجۇت بولۇپ

تۇرماقتا. گەرچە بۇ ئىنتايىن ئارتىپ كەتكەن شەيئىلەرنى ياخشىلاشقا چامىمىز يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى پەرق ئېتە- شىمىز ۋە ئاشكارا ئەيىبلىشىمىزگە بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بىز ھەقىقەتەن بىرەر تەدبىر قوللىنالام- دۇق؟ كۆپ سانلىق كىشىلەر ئادەم چىداپ تۇرالمايدىغان بۇ ئاشۇرۇۋېتىش خاراكتېرى ھەقىقىدىكى ھېسسىياتىنى ئاگىسىز رەۋىشتىكى قاراڭغۇلۇقىغا بىۋاسىتە يوشۇرۇپ قويىدۇ ياكى ئۇنى سەلبىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇش سورۇنلىرىمىزدا بۇ ئاشۇرۇۋېتىلگەن ھادىسىلەر ھەرخىل كېسەل ئالامەتلىرى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؛ مەسىلەن، قويۇق سەلبىي كەيپىيات ئىنكاسى ياكى سەلبىي ھەرىكەت، نېرۋا سېزىمچانلىقىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان قايغۇ، تەن ۋە روھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كېسەللىك، مەيۇس- لۇك ھەم ماددىي جەھەتتىكى شەھۋەتپەرەسلىك ياكى ئىسراپ- چىلىق ۋە باشقىلار.

بۇ كېسەل ئالامەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى مۇنداق بو- لۇشى مۇمكىن: كۆڭلىمىزدە چەكتىن ئاشقان ئىستەك تو- غۇلغاندا ئۇنى قاراڭغۇلۇققا كىرگۈزۈپ قويىمىز، ئاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا قارىماستىن ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىمىز؛ بەك ئېچىرقاپ كەتكەندە ئۇنى قاراڭغۇلۇققا كىرگۈزۈپ قويىمىز، ئاندىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەپ - ئىچىپ، بەدىنىمىزنى بولۇشىچە نابۇت قىلىمىز؛ تۇرمۇش- نىڭ يەنە بىر مەنزىلىگە چىقىشقا بەك تەشنا بولغاندا ئۇنىمۇ قاراڭغۇلۇققا كىرگۈزۈپ قويىمىز ھەمدە دورا ياكى ھاراق قاتارلىق دەرھال قانائەتلەندۈرىدىغان ياكى خۇشال قىلىدىغان ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەيمىز. بۇنداق ئەھۋاللارنى ئېيتىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

توگەتكىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتتە قاراڭغۇلۇقتا ئۆسكەن ئەڭ يۇقىرى چەكلىك خاراكتېرلارنى ھەممىلا جايدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، مەسىلەن:

بىرىنچى، كونترول قىلغىلى بولمايدىغان بىر خىل كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە بىلمىگە ۋە ئىدارە قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىش. (ئادەتتە، ئەخلاقتا يات پەندە ياكى سودا بىلەن پەن ـ تېخنىكا ئوتتۇرىسىدىكى كونترول قىلىنمايدىغان بىرلىششتە كېلىپ چىقىدۇ)

ئىككىنچى، ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ ھېسابلاپ، باشقىلارغا يار-دەم بېرىش ياكى ئۇلارنى داۋالاپ قۇتقۇزۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان ھايا-جانلىق. (ئادەتتە، مۇلازىمەت ساھەسى، تېببىي داۋالاش ساھەسى ۋە دورىگەرلىك ساھەسىدىكى خادىملارنىڭ بۇرمىلانغان مۇلازىمەت روھىي ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ.)

ئۈچىنچى، قەدىمى تېز بولغان، شۇنداقلا ئىنسانىي پەزىلەت كەم خىزمەت سورۇنىدا. (ئادەتتە سوغۇق پوزىتسىيە بىلەن تولغان خىز-مەت مۇھىتىدا ياكى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋەبىدىن پىلانسىز تاشلىنىپ قېلىشتا ۋە مۇۋەپپەقىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان تەكەببۇرلۇقتا كۆرۈ-لىدۇ.)

تۆتىنچى، كارخانا ئەڭ يۇقىرى چەكتە يېتىلگەن ۋە ئىلگىرىلى-گەندە. (ھوقۇق ـ كۈچ سودىسى قىلغان، پايدىخورلۇق قىلغان، يەڭ ئىچىدە سودىلاشقاندا ياكى مال ئامبار سىستېمىسى يىمىرىلگەندە كۆ-رۈلىدۇ.)

بەشىنچى، ماددىلاشقان راھەتپەرەسلىك. (كۆپ مىقداردىكى ماد-دىي سەرپىيات، ئېكسپېدىتسىيە خاراكتېرلىك ئېلان، ئىستېمال ۋە يامراپ كەتكەن بۇلغىنىشتا كۆرۈلىدۇ.)

ئالتىنچى، بىز بىلەن بىللە كېلىپ چىققان، تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان ماھىيەتلىك تۈرمۇشىمىزنى كونترول قىلىش كويىدا بو-لۇش. (كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت بولغان نارتسىسىزم، شەخسىي پاي-

دىغا ئىنتىلىش، باشقىلارنى كونترول قىلىۋېلىش ۋە ئاياللار، بالى-
لارنى خارلاش قاتارلىق ھەرىكەتلەردە كۆرۈلىدۇ.)
يەتتىنچى، ھەر سائەت - ھەر مىنۇتتا خىيالىدىن چىقمايدىغان
ئۆلۈم ۋەھىمىسى. (سالامەتلىك، چىنىقىش، قۇۋۋەت، دورا ۋە ئو-
زۇن ئۆمۈر كۆرۈش قاتارلىقلار ئۇچۇن ھېچ نەرسىنى ئايىمايدىغان
قايمۇققان روھىي ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ.)

يۇقىرىقى ھەر خىل قاراڭغۇلۇق، ئەمەلىيەتتە جەمئىيە-
تىمىزنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقىغىچە تارقالماقتا.
جۇنگى بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىپ مۇنداق
دەيدۇ: «ھەممىمىز ئەقىل - ئىدراكقا تولغان دۇنيايىمىزغا
يوشۇرۇنغان قاراڭغۇلۇققا شۇنچە گۆدەكلىك بىلەن سەل قا-
راپ كەلدۇق. كىشىلەر ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان جاسارەتكە
ئىگە بولغۇچە نېمىلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقى ماڭا ھەقى-
قەتەن نامەلۇم.»

## قاراڭغۇلۇقنى ئېتىراپ قىلىش

قاراڭغۇلۇققا جىددىي قاراشتىكى مەقسەت قاراڭغۇلۇق
بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىلگىرىلەش مۇناسىۋى-
تى ئورنىتىپ ۋە ئېڭىمىز بىلەن ئاڭسىزلىقىمىز ئوتتۇرىسى-
دا تەڭپۇڭلۇق ھاسىل قىلىپ، ئۆزىمىزگە بولغان چۈشەنچى-
مىزنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت.
يازغۇچى توم روبىن مۇنداق دەيدۇ: «قاراڭغۇلۇققا
جىددىي قاراشتىكى مەقسەت توغرا مەنزىلگە توغرا ئۇسۇل
بىلەن يېتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.» خۇددى جۇنگى ئېيتقان-
دەك، بىز قاراڭغۇلۇق بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدا توغرا

مۇناسىۋەت ئورناتقاندا، يوشۇرۇن ئاڭ جىنغا ئوخشاش چاپلى-
شىۋالىدىغان غەلىتە مەخلۇق بولۇشتىن قالىدۇ. ئۇ مۇنداق
دېگەن: «بىز ئېڭىمىزدا قاراڭغۇلۇقنى ئۇمىدسىزلىك بىلەن
خاتا چۈشەنگەندە، قاراڭغۇلۇقنى تېخىمۇ خەۋپلىك قىلىپ
قويىمىز.»

قاراڭغۇلۇق بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدا توغرا مۇناسى-
ۋەت ئورنىتىش بىزنى چەكسىز مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ؛
چۈنكى ئۇ بىزنى كۆمۈلۈپ قالغان يوشۇرۇن كۈچنى تېپىپ
كېلىشكە يېتەكلەيدۇ. بىز قاراڭغۇلۇقنى بىلىشنىڭ يۇقىرى-
قى ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئۈنۈمگە ئىگە بولىمىز:

بىرىنچى، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەل بىلىش ئاساسىدا، ئۆ-
زىمىزنى تېخىمۇ سەمىمىي قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە يېتەلەيمىز.

ئىككىنچى، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قەرەلسىز پارتلاپ چىقىدى-
غان سەلبىي كەيپىياتنى پەسەيتەلەيمىز.

ئۈچىنچى، سەلبىي ھېسسىياتىمىز ۋە ھەرىكىتىمىز كەلتۈرۈپ
چىقارغان ئۆكۈنۈش ياكى خىجىللىقنى تېخىمۇ يەڭگىللىتەلەيمىز.

تۆتىنچى، پىرويېكسىيە رولى پەيدا قىلغان باشقىلارغا بولغان
خاتا قارىشىمىزنى ئېنىق تونۇيالايمىز.

بەشىنچى، ئۆزىمىزنى سەمىمىي سىناش ۋە بىۋاستە ئالاقە قى-
لىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلىك مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشىلىيالاي-
مىز.

ئالتىنچى، چۈش، رەسىم، يېزىقچىلىق ۋە ئىبادەت مۇراسىملى-
رى قاتارلىق ئىجادىي تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق، ئىنكار قىلىنغان
ئۆزلۈكىمىزنى ئېتىراپ قىلالايمىز.

ئېھتىمال مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغاندا، كوللېكتىپتى-
كى قاراڭغۇلۇقنىڭ زىچلىق دەرىجىسىنى ئادەمدىكى قاراڭغۇ-

لۇقنى چەكلەش ئۇسۇلى بىلەن تۈۋەنلىتىشىمىز مۇمكىن.
ئەنگلىيىلىك ئانالىزچى ۋە مۇنەججىم لىز گرىم قاراڭ-غۇلۇقنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلىك خاراكتېرنى قاراڭغۇلۇق ۋە يول كۆرسەتكۈچى چىراغ تەڭ قاچىلانغان ئىدىشقا ئوخشات-قان؛ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خاسلىق جەھەتتىن زىيانغا ئۇچ-راش ۋە قايغۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقنى، شۇنداقلا شەخسنىڭ تۇرمۇشى ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىدىغان قۇتقۇزغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالى-دۇ. بۇ قۇتقۇزغۇچى يوشۇرۇنغان بايلىققا ئىگە بولالايدۇ، گۈزەل مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتىۋالالايدۇ، ھەتتا دىنوزاۋرنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ، چۈنكى ئۇ باشقىلارغا ئوخ-شاشمايدۇ، ئۇ نورمال ئەمەس. قاراڭغۇلۇق قۇتقۇزۇۋېلىشقا موھتاج يامان ئادەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى قۇتقۇزۇۋالالايدىغان قۇتقۇزغۇچى بولالايدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە نەزەر

### قاراڭغۇلۇقنى چۈشتىن چۈشىنىش

مەلۇم ئادەم ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇققا جىددىي قاراشقا تەمشەلگەندە، باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئەمما ئۆزىدىمۇ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان بەزى ئالاھىدىلىك ۋە ھاياجاننى سېزىدۇ (شۇنداقلا كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭدىن خىجىل بولىدۇ)، مەسىلەن، تەكەببۇرلۇق، مەنىۋى ھورۇنلۇق ۋە تەنتەكلىك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان خام خىيال، پىلان ۋە تەسەۋۋۇر، بىپەرۋالىق ۋە قورقۇنچاقلىق، پۇل ۋە ھېسسىياتقا ئارتۇقچە بېرىلىپ كېتىش. قىسقىسى، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇ ئىلگىرى دىققەت قىلغان يېنىك جىنايەت بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئۆزىنى: «كېرەك يوق! ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارمۇ شۇنداق ئىشنى قىلىۋاتىدۇ» دەپ بەزلەيدۇ.

دوستىڭىز مەلۇم سەۋەنلىكىڭىزنى سۆككەندە، ئەگەر ئىچىڭىزدە ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان غەزەپ قوزغالسا، ئۇ ھالدا، سىز مۇشۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۆزىڭىزدىكى قاراڭ-

غۇلۇقىنىڭ بىر قىسمىنى جەزمەن بايقىيالايسىز، لېكىن بۇ ئاڭسىز رەۋىشتە بولىدۇ. «سىزدىنمۇ ياخشى ئەمەس» كىشىلەر سىزدىكى قاراڭغۇلۇقتىن كېلىپ چىققان سەۋەنلىكنى تەنقىد قىلغاندا، سىزنىڭ ئۆكۈنۈشىڭىز ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن تەبىئىي ئىنكاس بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ چۈشى — كۆڭلىڭىزدە ياشاۋاتقان سودىيە ئەيىبلىسە، سىز قانداق ئىنكاس قايتۇرىسىز؟ بۇ ئۆزلۈكىڭىز تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالغىنىڭىز بولۇپ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاندا ئىشلار ئادەتتە ئوڭايسىزلىنىپ ئۇنچىقماسلىق بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئازابلىق ۋە ئۇزاق داۋام قىلىدىغان ئۆز - ئۆزىڭىزنى تەربىيىلەش خىزمىتى باشلىنىپ كېتىدۇ، بۇ خىزمەتنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئېغىرچىلىقى ھېيكىلىس (گرېتسىيە ئىلاھى — كۈچتۈڭگۈر) نىڭ خىزمىتىگە تەڭ كېلىدۇ، دېيىشىمىز مۇمكىن. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، بۇ بەختسىز قەھرىماننىڭ تۇنجى ۋەزىپىسى پادىشاھ ئېۋكېلىسنىڭ كالا ئېغىلىنى بىر كۈندە ئېرىغداپ بولۇش. بۇ كالا ئېغىلىغا بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان مىڭلىغان كالىلاردىن قالغان تىزەك يىغىلىپ قالغان، بۇ شۇنچىلىك چوڭ ۋەزىپە ئىكەنكى، ھەرقانداق ئادەتتىكى ئادەم تەسەۋۋۇر قىلىپلا جاسارىتىنى يوقىتىپ، پۈتىغا چۈشەك سېلىپ قويۇلغاندەك تۇرۇپ قالىدۇ.

قاراڭغۇلۇق پاسسىپلىق ياكى بىخەستەلىكتىنلا تەركىب تاپمايدۇ. ئۇ ئادەتتە ھاياجاندىن ياكى تاسادىپىي يۈز بەرگەن ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەم توختاپ ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلاشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قاباھەت سەكرەپلا ئوتتۇرىغا چىقىپ بولىدۇ، سۇيىقەست پىلانلىنىپلا قالماس-

تىن، بەلكى خاتا قارارمۇ چىقىرىلغان بولىدۇ، ئاخىردا، ئادەم خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ياكى ھېس قىلمىغان نەتىجىنى كۈتۈۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاراڭغۇلۇق ئاڭ ئاساسىدىكى ئادەم تەبىئىتىنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا كول-لېكتىپنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ ئاسان ئۇچرايدۇ. مىسال ئالاي-لى، ئادەم يالغۇز يۈرگەندە ھەممە ئىش جايىدا دەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن؛ لېكىن، باشقىلار قاراڭغۇ، ئىپتىدائىي ھەرىكەتنى قىلغاندا، ئۇ ئەگەر قاتارغا قوشۇلمىسام «ئەخمەق دەپ قارىلارمەنمۇ» دەپ قورقۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلىي ئۆزىدە بولمىغان ھاياجانغا باھانە تاپىدۇ. ئادەم ئوخشاش جىنسلىقلار توپى بىلەن بىللە بولغاندا، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالسا يۇقىرىقى ئەھۋال تېخىمۇ ئاسان يۈز بېرىدۇ. بىز باشقا جىنستىكىلەردىكى قاراڭغۇلۇقنى كۆرسەكمۇ، لېكىن ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئانچە ئۆكۈنمەيمىز، يەنە كېلىپ ئۇنى ئاسانلا كە-چۈرىمىز.

شۇڭا، چۈشتە ياكى ئەپسانىدە كۆرۈنگەن قاراڭغۇلۇق ئادەتتە چۈش كۆرگۈچى بىلەن ئوخشاش جىنستىكى باشقا كىشى بولۇپ سىمۋوللىنىدۇ. تۆۋەندىكى چۈش بۇنىڭ بىر مىسالى. چۈش كۆرگۈچى قىرىق سەككىز ياشقا كىرگەن ئەر ئىكەن. ئۇ تۇرمۇشتىكى ھەممە ئىشتا ئۆز كۈچىگە تايىنىشقا تەمشىلىپتۇ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قو-يۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە راھەت ۋە ئىستىخىيىلىكنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي تەبىئىتىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن ئۇسۇل بىلەن ئاران چەكلەپتۇ.

«بازاردا بىر كورپۇس چوڭ ئۆيۈم بار ئىدى، شۇ ئۆيدە تۇراتـ-
تىم، لېكىن ئۇنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى تېخى بىلىپ بولالمىغانـ-
دىم. شۇڭا ئۆينى بىرقۇر ئارىلاپ چىقتىم. يەر ئاستىدىكى گەمىدە
ماڭا پۇتۇنلەي نامەلۇم بولغان بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بارلىقىنى، ھەتتا
بۇ ئۆيلەرنىڭ چىقىش ئېغىزلىرىنىڭ يەر ئاستىدىكى باشقا گەمىلەرگە
ۋە يەر ئاستىدىكى كوچىغا تۇتاش ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ بىر-
نەچچە چىقىش ئېغىزىنىڭ ئىشىكى ئېتىپ قويۇلمىغانلىقىنى، ھەتتا
مىس قۇلۇپمۇ ئېسىپ قويۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەك بىئارام
بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەتراپتىكى مەھەللىدە ئىشلەيدىغان ئىشچى-
لار ئۆيگە ھەر ۋاقىت مۆكۈنۈپ كىرىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى...
مەن قايرىلىپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە قايتىپ چىققاندا، ئارقا ھويـ-
لامدىن كوچىغا ياكى باشقا ئۆيلەرگە تۇتاشقان يەنە بىرنەچچە چىقىش
ئېغىزىنى بايقىدىم. بۇ چىقىش ئېغىزلىرىنى تېخىمۇ سىنچىلاپ كۆز-
دىن كەچۈرمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، توساتتىن بىر ئەر قاتتىق
كۈلگىنىچە: ‹بىز باشلانغۇچ مەكتەپ دەۋرىدىكى قەدىناس دوستلار-
غۇ؟!›، دەپ ۋارقىراپ مەن تەرەپكە كەلدى. مەن شۇنىڭ بىلەن ئۇنى
ئېسىمگە ئالدىم. بىز چىقىش ئېغىزىدىن ئۆتۈپ سىرتتىكى كوچىغا
چىقتۇق. ئۇ سۆزلەپ بەرگەن تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىنى ماڭغاچ
ئاڭلىدىم.
بىز يۇمىلاق كوچىدىن ئۆتۈپ ياپپېشىل چىملىققا كەلگەندە ئاسـ-
ماندا توساتتىن غەلىتە ھەم خىرە بىر مەنزىرە كۆرۈندى؛ دەل شۇ
ۋاقىتتا توساتتىن ئۈچ ئات يېنىمىزدىن ئىتتىك چېپىپ ئۆتۈپ كەتـ-
تى. ئۇلار بىر توپ چىرايلىق ھەم قاۋۇل جانىۋارلار بولۇپ، گەرچە
ياۋا بولسىمۇ، پاكىز يۇيۇپ تاراپ قويۇلغان، ئادەممۇ مىنىمىگەندى.
(ئۇلار ھەربىي لاگېردىن ئەمدىلا قېچىپ چىققانمىدۇر؟)»

بۇ غەلىتە يول، ئۆي ۋە گەمىدىكى قۇلۇپلانمىغان چىـ-
قىش ئېغىزلىرىدىن ھاسىل بولغان تېگىرقاش بىزگە قەدىـ-
مىي گرېتسىيىدە ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان پانىي دۇنيانىڭ

مەنىسىنى ئەسلىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئاڭسىز رەۋىشنىڭ ۋە نامەلۇم مۇمكىنچىلىكنىڭ سىمۋولىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر-گە ئۇ، ئادەم تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە دۇچ كەلگەندە، ئۆزىدىكى ئاڭسىز رەۋىشكە ئىگە قاراڭغۇلۇقنى قانداق «ئاش-كارىلاپ» قويىدىغانلىقىنى ۋە سىرلىق تاشقى ئامىللارنىڭ قانداق بېسىپ كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز چۈشتىكى گەمىنى چۈش كۆرگۈچىنىڭ روھىنىڭ گەمىسى دەپ قارىساق بولىدۇ. بۇ غەلىتە ئۆينىڭ ئارقا هويلىسى (چۈش كۆرگۈچىنىڭ تەبىئىتىدىكى تېخى بايقالمىغان روھىي ساھەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ) دا ئۇنىڭ بىر قەدىناس دوستى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولىدۇ، ناھايىتى روشەنكى، بۇ دوستى ئەمەلىيەتتە چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ يەنە بىر سىمۋو-لى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئۇن-تۇپ قالغان ياكى يوقىتىپ قويغان بالىلىق تۇرمۇشىنىڭ قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئادەمنىڭ بالىلىق ئالاھىدى-لىكى (شوخلۇق، تېرىككەكلىك ياكى ئىشەنچ) نىڭ توسات-تىن يوقىلىشى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بالىلىق ئالا-ھىدىلىكىنىڭ نېمە ئۈچۈن يوقالغانلىقىنى ياكى بۇ ئالاھىدى-لىكنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇقمايدۇ. شۇ دەقىقىدە چۈش كۆرگۈچىنىڭ يوقالغان ئالاھىدىلىكى قاي-تىدىن قايتىپ كەلگەن (ئارقا هويلىدا پەيدا بولغان) ۋە ئۇنىڭ بىلەن يەنە دوست بولۇشقا تەمشەلگەن. شۇڭا، بۇ سىمۋول چۈش كۆرگۈچىنىڭ تۇرمۇشتىكى راھىتىگە ۋە ئۇ-نىڭدىكى تاش مىجەزگە ياتىدىغان قاراڭغۇلۇقنىڭ سەل قارال-غان قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن.

ئەمما، بىز بۇ «بىئارام» لىقنى تېز چۈشەندۇق. ئۇ

قەدىناس دوستى بىلەن كوچىنى ئارىلاپ يۈرگەندە توساتتىن بىر توپ ئاساۋ ئاتنى ئۇچراتقان. چۈش كۆرگۈچى بۇ ئاتلارنى ھەربىي خىزمەتتىن قاچقان ئاتلار بولۇشى مۇمكىن دەپ قارى-غان (ئۇ ئاڭ ئاساسىدىكى ئۆزلۈك قانۇنىيىتى شۇ چاغقىچە پەيدا قىلغان ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇقىم شەكىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ). ئاتلارغا ئادەم مىنمىگەنلىكى تۇغما ئىقتىدار كۈ-چىنىڭ ئاڭنىڭ كونترول قىلىشى ئارقىلىق قۇتۇلۇپ چىققا-لايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىجابىي كۈچلەر چۈش كۆرگۈچىدە ئەزەلدىن كەم بولغان ياكى ئۇ ئىنتايىن تەشنا بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى، ئۇنىڭ قەدىناس دوستىدا ياكى بۇ ئاتلاردا قايتا - قايتا نامايان قىلغان.

يۇقىرىقى ئەھۋال ئادەتتە ئادەم ئۆزىنىڭ «يەنە بىر تەرى-پى» نى بىۋاستە ئۇچراتقاندا يۈز بېرىدۇ. قاراڭغۇلۇق ئادەت-تە ئاڭ ئېھتىياجلىق بولغان بەدەلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش شەكلى تۈپەيلىدىن، شەخسى-نىڭ تۇرمۇشى بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كېتىشتەك قىيىنچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. چۈشتە كۆرۈنگەن ھەرخىل يوللار ۋە چوڭ ئۆينىڭ ئۆزى، چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئۆز روھىدىكى ھەرقايسى قاتلاملىرىنى تېخى چۈشەنمىگەنلى-كىنى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدى-غانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى چۈشتىكى قاراڭغۇلۇق ئىچ مىجەز ئادەم (تاش-قى دۇنيادىكى تۇرمۇشتىن ئىنتايىن يىراقلىشىپ كەتكەن ئادەم) ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن تىپىك بىر مىسال. تاش مىجەز ئادەمگە كەلسەك، ئۇلار تاشقى شەيئىلەرگە ۋە تاشقى تۇرمۇشقا بىرقەدەر بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردىكى قاراڭ-

غۇلۇق تۇرلۇك قىياپەتلەرنى زاھىر قىلىدۇ.

بىر يىگىت خۇش پېئىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمىتىدىكى ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ بەك كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ دائىم ئەمدىلا تاپشۇرۇۋال-غان بىر خۇسۇسىي خىزمەتنى پۈتتۈرۈش تەلەپ قىلىنىۋاتقان-لىقىنى چۈشەيدىكەن. تۆۋەندىكىسى ئۇ كۆرگەن شۇنداق چۈشلەرنىڭ بىرى:

بىر ئەر ئۆزۈن ئورۇندۇقتا ياتاتتى ۋە يۈزىنى پەلتوسىدا يېپىۋال-غانىدى. ئۇ بىر فرانسۇز تومپاي بولۇپ، ھەرقانداق جىنايى ۋەزىپى-دىن باش تارتمايدىغان قۇلاق كەستى ئىدى. مەن بىر ئەمەلدارنىڭ ھەمراھلىقىدا پەلەمپەيدىن چۈشتۈم؛ بىر سۇيىقەستنىڭ ماڭا قارىتىل-غانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ فرانسۇز تومپاي پۇرسەت تاپسىلا مېنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتەتتى (تاش-قى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا شۇنداق ئىدى). بىز ئىشىككە يېقىنلاش-قاندا، ئۇمۇ ئارقىمىزدىن يېتىپ كەلدى؛ بىراق، مەن كۆڭلۈمدە ھەر ۋاقىت پەخەس بولۇپ تۇرغانىدىم. توساتتىن ئېگىز بويلۇق ۋە سېمىز بىر ئەر (ئۇ باي ۋە تەسىر كۈچى بار ئادەمدەك كۆرۈنەتتى) يېنىمىدىكى تام تۈۋىگە يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ مەيدىسىگە پى-چاق سېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. لېكىن ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇنىڭدىن قان چىقمىدى، پەقەت ئازغىنە سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقتى. ئەمدى مەن ھەرھالدا بىخەتەر ھالغا كەلدىم، چۈنكى ھېلىقى فرانسۇز تومپاينىڭ باشلىقى ئۆلگەن، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئادەم ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرمەيدىغان بولغانىدى. (ئېھتىمال بۇ ئەمەلدار بىلەن ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سېمىز ئەر بىر ئادەم بولۇشى، كېيىنكىسى مەلۇم ئۇسۇل بىلەن ئالدىنقىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈۋالغان بولۇشى

مۇمكىن. )

چۈشتىكى قۇلاق كەستى ئەمەلىيەتتە چۈش كۆرگۈچى-
نىڭ يەنە بىر تەرىپى، يەنى ئۇنىڭ ئىچكى خاسلىقى پۈتۈنلەي
نامراتلىق ھالىتىگە بېرىپ قالغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
ئۇزۇن ئورۇندۇقتا يېتىپ (بۇ ئۇنىڭ ئامالسىز ھالەتتە ئى-
كەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ)، يۈزىنى پەلتوسىدا توسۇۋېلىشى-
دىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ تەنھا ياشىماقچى بولغان. يەنە بىر
تەرەپتىن، ھېلىقى ئەمەلدار بىلەن بايدەك كۆرۈنگەن ھېلىقى
سېمىز ئەر (ئاستىرتىن بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن)، ئەمە-
لىيەتتە، چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك
خىزمىتى ۋە پائالىيىتىنىڭ ئادەمىيلەشكەن سىمۋولى. ھې-
لىقى سېمىز ئەرنىڭ تاسادىپىي قوزغالغان كېسىلى، ئەمەلى-
يەتتە، چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ تاشقى ئىشلارغا
كۈچ - زېھنىنى بەك كۆپ سەرپ قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن
قوزغالغان كېسىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇۋەپپەقىيەت قا-
زانغان بۇ ئەرنىڭ تومۇرىدا قان يوقلۇقى، پەقەت قانداقتۇر
سۇيۇقلۇق بارلىقىغا كەلسەك، بۇ چۈش كۆرگۈچىنىڭ زور
كۆلەملىك تاشقى پائالىيىتىدە ھەقىقىي تۇرمۇش ۋە مۇھەب-
بەت كەملىكىنى، ئۇنىڭ جانسىز ۋە مېخانىك پائالىيەت
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، ھېلىقى
سېمىز ئەر ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ ھېچقانداق ماھىيەت-
لىك زىيان كېلىپ چىقمايدۇ. چۈشنىڭ ئاخىرىدا ھېلىقى
فرانسۇز تومپاي قانائەت تاپىدۇ؛ روشەنكى، ئۇ قاراڭغۇلۇق-
تىكى ئىجابىي شەخسكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، لېكىن چۈش
كۆرگۈچىنىڭ ئىگى، پوزىتسىيىسى ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روشتىن باش تارتقاچقا، ئۇ سەلبىي ۋە خەتەرلىك شەخس قىلىپ بۇرمىلانغان.

يۇقىرىقى چۈش بىر پاكىتنى، يەنى قاراڭغۇلۇقنىڭ بىرمۇنچە تەركىبلىرىنى، مەسىلەن، ئاڭسىز رەۋىشتىكى قارا نىيەت (مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سىمىز ئەر) ۋە ئىچ مىجەز (فرانسۇز تومپاي) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئالاھىدە چۈش كۆرگۈچى بىلەن فرانسۇز تومپاي ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، ھەر ئىككىسىنىڭ نازاكەتلىك ئىشلارنى مۇكەممەل بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىدۇ. شۇڭا، چۈشتىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ بۇ ئىككى ۋەكىلى تونۇشلۇق بولغان ئىككى خىل تۈرتكىگە — ھوقۇق ۋە جىنسىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۈشتە ھوقۇقنىڭ تۈرتكىسى ھەر ۋاقىت قوش شەكىلدە، ھېلىقى ئەمەلدار بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سىمىز ئەر قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھېلىقى ئەمەلدار ياكى جامائەتنىڭ خىزمەتكارى، خۇددى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سىمىز ئەر قارا نىيەتنىڭ سىمۋولى بولغانغا ئوخشاش، كوللېكتىپ ماسلىشىشچانلىقىنىڭ ئادەمىيلەشكەن سىمۋولى بولۇپ، ھەر ئىككىسى ماھىيەتتە ھوقۇقنىڭ تۈرتكىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۈش كۆرگۈچى بۇ خەۋپلىك ئىچكى كۈچنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن توسۇغاندىن كېيىن، ھېلىقى فرانسۇز تومپاي دۈشمەنلىكىنى توساتتىن يوقىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ «ھوقۇق» نىڭ تۈرتكە كۈچى بىلەن تەڭ كېلىدىغان «جىنسىيەت» نىڭ تۈرتكە كۈچىنىڭمۇ بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قاراڭغۇلۇقنىڭ دوستىمىز ياكى دۈشمىنىمىز بولۇپ

قىلىشى مۇتلەق كۆپ ئەھۋالدا ئۆزىمىزگە باغلىق. خۇددى يۇقىرىقى چۈشتە ئوتتۇرىغا چىققان سىرلىق چوڭ ئۆي ۋە فرانسۇز تومپاي نامايان قىلغىنىدەك، قاراڭغۇلۇق دۈشمەن-لىك قىلىۋەرمەيدۇ. خۇددى هاياتىي كۈچكە ئىگە ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئوخشاش، قاراڭغۇلۇق بىلەنمۇ ئىناق ئۆتۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، ئەھۋالنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا، بەزىدە ئۇنىڭغا يول قويۇشىمىز، بەزىدە ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈ-شىمىز، بەزىدە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشىمىز كېرەك. قاراڭغۇلۇق پەقەت سەل قارالغان ياكى خاتا چۈشىنىلگەندىلا دۈشمەنلىك قىلىدۇ.

## قاراڭغۇلۇقنى كۆندىلىك تۇرمۇشتىن قېزىش

ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ تەركىبىي ئامىللىرىنى ئاز دېگەندە بەش خىل ئۇنۇملۇك يول بىلەن ئويلاشقا ۋە چۈشىنىشكە بولىدۇ: (1) باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان قارد-شىدىن ئىزدەش؛ (2) پروييېكسىيە پسىخىكىمىزنىڭ مەزمۇ-نىنى پاش قىلىش؛ (3) خاتا قىلىپ قويغان سۆزىمىزنى ۋە خاتا قىلىپ قويغان ھەرىكىتىمىزنى تەكشۈرۈش ياكى باشقى-لار بىزنى ئەسلىي مۇددىئايىمىز بويىچە چۈشەنمەي ئۇقۇش-ماسلىق يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نەتىجىنى تەكشۈرۈش؛ (4) يۇمۇرلۇق تۇيغۇمىزنى ۋە مۇئەييەنلىكىد-مىزنى نەزەرگە ئېلىش؛ (5) چۈشىمىزنى، خىيالىمىزنى ۋە خام خىيالىمىزنى مۇھاكىمە قىلىش.

## بىرىنچى، باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن جاۋاب ئىزدەش

ئالدى بىلەن ئەينەكتىن ھالقىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىنى كۆرسەك بولىدۇ. بىز ئادەتتە ئەينەككە قارىغاندا ئۆزىمىز كۆرۈشكە تاللىغان ئوبرازنىلا كۆرىمىز. ئەمما ئەينەكتىن ھالقىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا بولسا قىيپالىڭاچ ھالەتتىكى ئۆزىمىزنى كۆرىمىز. ئەگەر بۇ ئۇسۇل قىيىن بىلىنسە، ئىشنى باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن باشلايلى.

ئالدى بىلەن، ئەتراپىمىزدىكى تونۇش كىشىلەر ئىچىدىن تۇرمۇش پوزىتسىيىسى جەھەتتە ئۆزىنى خىلىلا قالتىس چاغلايدىغان ۋە خام خىيال بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان بىر ئادەمنى تاللاپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئوبرازىنى كۆڭلىمىزگە ئورنىتىمىز. بۇ ئۇسۇل قىيىن ئەمەس، چۈنكى باشقىلارنىڭ سىرتقا ئاشكارىلانغان قاراڭغۇلۇقى ھەممىمىزگە بەك تونۇشلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ھەمىشە قاراڭغۇلۇق شۇنچە روشەن تۇرسا، ئۇلار نېمىشقا قىلچە سەزمەي يۈرۈۋېرىدىغاندۇر دەپ ھەيران بولىمىز.

بىز كۆڭلىمىزدە پاكىتنى ئىنكار قىلىش «كويىدا» بولساقمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك يولغا ئوخشايدىغانلىقى (ئاز دېگەندە نەزەرىيە جەھەتتە شۇنداق ئىدى) غا تەسلىكتە قوشۇلىمىز. دېمەكچىمىزكى، ئەگەر مەن سىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى ئېنىق كۆرسەم، سىز ئۇنى قارىغۇغا ئوخشاش سېزەلمىسىڭىز، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، سىزمۇ مەندىكى قاراڭغۇلۇقنى — مەنمۇ قارىغۇغا ئوخشاش پەرق ئېتەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقنى ناھايىتى ئېنىق كۆرىسىز. ئەگەر مەن كۆر-

گەنلىرىمنى سىزگە ئېيتىپ بېرىشنى (ئەلۋەتتە، سىلىق ئۇسۇل بىلەن) ماقۇل كۆرسەم، ئۇ هالدا، سىزمۇ كۆزەت-كەنلىرىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشنى (ئەلۋەتتە، ئوخشاشلا سىلىق ئۇسۇل بىلەن) ماقۇل كۆرىسىز.

بۇ — باشقىلارنىڭ بىزنى كۆزىتىشى ۋە چۈشىنىشىدىن ئىزدەش، ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى پۇختا بىلىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرىدىن بىرى. لېكىن، ئەپسۇسكى، بۇن-داق ھەقىقىي قاراش كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىزگە تەھدىت بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بىز داۋاملىق باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان قارىشىنى ئۆزىمىزگە بولغان چۈشەنچىمىزگە ئوخشاش توغرا دەپ پەرەز قىلىشنى خالايمىز.

ئادەتتە بىزنى ئىنتايىن چۈشىنىدىغان ئادەم، ئۆزىمىز-نىڭ قاراڭغۇ خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىزغا ئەڭ ياخشى مەيداندا تۇرۇپ ياردەم بېرەلەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ جو-رىمىز، يېقىن دوستىمىز، خىزمەتدىشىمىز بولۇشى مۇم-كىن. بۇ يەردىكى زىددىيەت شۇكى، بىزگە ھەممىدىن بەك ياردەم بېرىشى مۇمكىن بولغان كىشىلەر بولسا بىز ئەڭ ئېتىبارسىز قارايدىغان كىشىلەر توپى بولۇپ قالىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ قارىشىنى روشەن سۇبيېكتىپچىلىق، پروييېكسىيە رولى ياكى ئاساسسىز توقۇپ چىقىلغان پاكىت دەپ ئەيىبلە-شىمىز مۇمكىن. بىز ناتونۇش كىشىلەردىن ئاڭلىغان باھا ئانچە تەھدىتلىك ئەمەس دەپ ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن ناتونۇش كىشىلەرنىڭ مەيدانى ئۇلارغا ئۆز قارىشىنى بىزنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش ئاساس بىلەن ئوت-تۇرىغا قويۇش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ. بۇنىڭدىن تاشقى-رى، قاراڭغۇلۇقنى ئىزدەش سەپىرىمىزدە يەنە بىر قىيىنچى-

لىق بار.

ئەگەر سىزدىن ماڭا باھا بېرىشنى ئۆتۈنسەم، سىز: «بىللە قاتناشقان بىرنەچچە قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن قارىغاندا، سىز كەمتەر ئادەم ئىكەنسىز» دېسىڭىز، سىزنىڭ قاراشىڭىزنىڭ ئاساسى بار دەپ قارىساممۇ، لېكىن كۆڭلۈمدە بۇ باھانى قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيمەن. مەن: «نېمە دەۋاتىسىز! مېنىڭ ئەڭ ياقتۇرمايدىغىنىم كەمتەرلىك!» دەپ جاۋاب بەرمەكچى بولىمەن، لېكىن زۇۋان سۈرمەيمەن.

بۇ جاۋاب ماڭا خېلى كونكرېت يىپ ئۇچى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئۇ ئەمدىلا بىر قاراشقۇلۇقنىڭ قىياپىتى ياكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرگەنلىكىمنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا «قوشۇلىمەن» ياكى «قارشى تۇرىمەن» دەپ بەك تېكىتلەپ كەتسەك ۋە بۇ مەيدانىمىزنى كەسكىن تەكىتلەپ كەتسەك، ئۆزىمىزدىكى قاراشقۇلۇق ساھەسىگە قەدەم بېسىپ كىرگەن بولۇشىمىز مۇمكىن، شۇڭا شۇ يىپ ئۇچىنى ئاساس قىلىپ، قاراشقۇلۇقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىشىمىز كېرەك.

سىزنىڭ مەندىكى قاراشقۇلۇقنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭغا ئىشىنىشىم ئىنتايىن قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزۈمنى بەك كەمتەر تۇتۇپ، قاراشىڭىزنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بىر يېقىن دوستۇمنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا مۇددىئايىمنى چۈشەندۈرۈپ، يەنە بىر دوستۇمنىڭ مېنى كەمتەر ئادەم دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم. مەن ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى راستچىللىق بىلەن دەپ بېرىشنى ئىلتىماس

قىلدىم. مەن بۇ ئىككىنچى پىكىردىن مەمنۇن بولۇشۇم ياكى بۇ تەرتىپلەرنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىشىم مۇمكىن. ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئۆزۈمنىڭ ئويلىنىش سەپىرىنى سەمىمىي داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولسام، تەبىئىيكى، ئۇنى ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چۈشىنەلەيمەن. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم مەندىكى قاراڭغۇلۇققا نىسبەتەن ئورتاق قاراشتا بولغاندا، ئۇلارغا ئىشىنىشكە تىرىشىمەن ۋە ئۇلارنىڭ كۆزىتىش نەتىجىسىگە ئاساسەن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىمەن.

## ئىككىنچى، پروپېكسىيە پىسخىكىمىزنى تەكشۈرۈش

پروپېكسىيە پىسخىكىمىزنى تەكشۈرۈش ئۆز قاراڭغۇلۇقىمىزنى ئىزدەشنىڭ ئىككىنچى يولى. پروپېكسىيە رولى بىرخىل ئاڭسىز رەۋىشتىكى پىسخىك جەريان، ھەر قېتىم كىشىلىك تەبىئىتىمىز ۋە ئېڭىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئالاھىدىلىكىمىز قۇتراشقا باشلىغاندا، پروپېكسىيە رولى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاڭسىز رەۋىشتىكى پروپېكسىيە رولى بۇنداق سەزمىگەن مىجەزىمىز ئارقىلىق باشقىلارنى كۆزىتىشكە ياكى باشقىلارغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرگەن قاراڭغۇلۇق ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ بولىدۇ، لېكىن بىز ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن سېزەلمەيمىز.

بىزنىڭ پروپېكسىيە رولىمىز ئىجابىي ۋە سەلبىي بولىدۇ. لېكىن كۆپ ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزد-

ـمىزنىڭ ئەڭ يارىماس قاتلىمىنى كۆرىمىز. شۇڭا، قاراڭغۇ-
لۇقنىڭ تۇزۇلۇشى ۋە خاراكتېرىنى ئىزدىگەندە، ئالدى بىلەن
باشقىلارنىڭ قايسى مىجەزى، ئالاھىدىلىكى ۋە پوزىتسىيىسى-
دىن يىرگىنىدىغانلىقىمىزنى ۋە يىرگىنىشىمىزنىڭ دەرىجى-
سى قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىز
كېرەك.

ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل باشقىلارنىڭ بىزنى يىرگەندۈرىدى-
غان بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ خاتىرىلە-
ۋېلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئۆزىنى قالتىس چاغلاش،
قىزىققانلىق، شەخسىيەتچىلىك، يولسىزلىق، ئاچ كۆزلۈك
ۋە باشقىلار. بىز بۇ تىزىملىكنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن (ئۇ
خېلى ئۇزۇن تىزىملىك بولۇشى مۇمكىن)، تىزىملىكنى يەنە
كىچىكلىتىپ، ئۆزىمىز يىرگىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆچ
كۆرىدىغان، نەپرەتلىنىدىغان ۋە مەنسىتمەيدىغان خاراكتېر-
لارنى قايتىدىن تىزىپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ كىچىكلىتىل-
گەن ئاخىرقى تىزىملىك ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئەڭ
ياخشى تەسۋىرى بولىدۇ. ئەمما، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيلا
قالماستىن، بەلكى ئۇنى قوبۇل قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن.

مىسال ئالايلى، مەن باشقىلارنىڭ چوڭچىلىق قىلىشىنى
چىداپ تۇرالمايدىغان خاراكتېرلارنىڭ بىرى قىلسام، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىراۋنىڭ باشقىلارغا بەك چوڭچىلىق قىلىش پوزىتى-
سىيىسىنى تۇتقانلىقىنى قەتئىي تەنقىد قىلسام، ئۆز ھەرىكى-
تىمنىڭ چوڭچىلىقا ياتقان تۇرۇقلۇق، ئۇنى سەزگەن ياكى
سەزمىگەنلىكىمنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ باقىمەن.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ باشقىلارغا بەرگەن تەنقىدلىرىمىزنىڭ
ھەممىسى ئۆزىمىز بىزار بولغان قاراڭغۇ خاراكتېرنىڭ سۇن-

غان نۇرى بولۇۋەرمەيدۇ. لېكىن ھەرقانداق ۋاقىتتا باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىمىز ئارتۇقچە ھېسسىيات ياكى ئارتۇقچە ئىنكاسنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، بەدىنىمىزدىكى مەلۇم ئاڭسىز رەۋىشتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ قۇترىغانلىقىغا، ھەر ۋاقىت پارتلاپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنسەك بولىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بىز پروجېكسىيە قىلغان ئوبيېكت جەزمەن «پروجېكسىيە» ئارقىلىق قارماققا ئىلىنىدۇرۇش ئۈچۈن «قارماق» تەييارلاپ قويغان بولىدۇ. مەسىلەن، جېم بەزىدە خېلىلا چوڭچىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان نارازىلىقىم يېتەرلىك دەرىجىدىكى «ئەقىلگە مۇۋاپىقلىق» نى ئاساس قىلىدۇ. لېكىن ھەقىقىي قاراڭغۇلۇقنىڭ پروجېكسىيىلىك رولى ئارقىسىدا، مېنىڭ جېمنى ئەيىبلىشىم ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتتىكى سەۋەنلىكىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ.

توقۇنۇش يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئەھۋالدا بىرمۇنچە تالاش - تارتىش يۈز بېرىدۇ ۋە كۈچلۈك كەيپىيات تەۋرىنىشى كېلىپ چىقىدۇ؛ ئۇلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجىسى قاراڭغۇلۇقنىڭ پروجېكسىيىلىك رولىغا ئالاھىدە مۇساپىقە مەيدانى تەييارلاپ بېرىشتىن ئىبارەت. بىز توقۇنۇش يۈز بەرگەن ۋاقىتتىكى تەجرىبىلەردىن ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋالالايمىز. بىزنىڭ «دۈشمەن» گە قارا چاپلىشىمىز بەزىدە ئۆز كەمچىلىكىدىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇق ئاساسىدىكى پروجېكسىيىلىك رولىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ئىجابىي قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىجابىي خاراكتېرىنىمۇ باشقىلارغا پروجېكسىيە قىلىمىز؛ بىز باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرگەن ئىجابىي ئالاھىدىلىك ئەمەلى-

يەتتە دەل ئۆزىمىزدە بولغان خاراكتېردۇر. لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇلارنىڭ ئېگىمىز دائىرىسىگە كىرىشىنى رەت قىلىپلا قالماي، ھەتتا ئۇلارنى پەرق ئېتەلمەي قالىمىز.

مەسىلەن، بىز مەلۇم كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىجابىي باھا بېرىشىمىز مۇمكىن، ئەمما ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئۆز قارىشىمىزنى ساقلاپ قالالمايمىز. بۇنداق ھادىسە ئادەتتە مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدە ياكى كىشىلەرگە باھا بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. مۇھەببەت باغلىغان ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنى ئىلكىگە ئېلىش ھېسسىياتىغا بېرىلىپ كەتكەچكە، ئۆزىنىڭ ئاڭسىز رەۋىشتىكى ئىجابىي خۇسۇسىيىتىنى قارشى تەرەپكە پروييېكسىيە قىلىدۇ. بۇ پروييېكسىيە قىلىنغان ئالاھىدىلىك ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن مەلۇم شەكىلدە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولمىسا، پروييېكسىيە رولى «قارماق» قا ئىلىندۇرەلمەيدۇ. لېكىن، ئادەتتە پاكىت ئۇلار ئۆزى «كۆردۇم» دەپ ئىشەنگەن دەرىجىدە يەتمەيدۇ. مەسىلەن، سۆسەننىڭ ئۆزى ئىنتايىن رەھىمدىل ۋە سېخىي خاراكتېرگە ئىگە؛ ئۇ بۇ خاراكتېرنى جېمغا پروييېكسىيە قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى بەك مېھرىبان، بولۇپمۇ ماڭا شۇنداق دەپ مەدھىيىلەيدۇ. دوستلىرى جېمنىڭ بەلكىم شەخسىيەتچى ياكى ئاچ كۆز ئەمەسلىكىنى سۆسەننىڭ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەمما جېمنىڭ رەھىمدىللىكى ۋە سېخىيلىقى پەقەت «ھۆرىگۆلدەك ئېچىلىپلا تۇزۇپ كېتىدۇ» غان بولۇپ چىقىدۇ، خالاس. لېكىن، سۆسەن بۇنداق باھانى قوبۇل قىلالمايدۇ.

ئادەم بىراۋنىڭ ئىجابىي خۇسۇسىيىتىگە قىزىققاندا، باشقا ھەممە ئىجابىي خۇسۇسىيەتنى قارشى تەرەپكە پروييېك-

سىيە قىلىدۇ. بۇنداق ھادىسە بەزىدە ئادەم ئىلىشتا، كادىر-لار ئىمتىھان بەرگۈچىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە يۈز بېرىدۇ ھەمدە «دىئاگرافما ئۈنۈمى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، ئىمتى-ھان بەرگۈچى يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئالغۇچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغاندا، يۈز تۇرانە ئىمتىھان ئالغۇچىنىڭ نەزىرىدە مۇ-كەممەل نامزات بولۇپ قالىدۇ. يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئالغۇچى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىجابىي خاراكتېرىنى ئىمتىھان بەرگۈچى-گە پروپېكسىيە قىلغاندا، ئۇ ئەكسىچە بولغان كۈچلۈك ئىس-پاتنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى مىساللاردا بىر قانچە خىل كۆڭۈلسىز ئەھۋال كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجابىي پروپېكسىيىنىڭ كۈچىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ يوشۇ-رۇن ئىجابىي ۋە سەلبىي خاراكتېرى نامايان بولغاندا، ئۇلار-نى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە چۈشىنىشىمىز كېرەك. باشقى-لارنىڭ مەدھىيىلەنگەن بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز - ئۆزى-مىزگە: «ئاھ! مەن مەڭگۈ ئۇنداق بولالمايمەن!» دېگەندە، ئۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇستىدە ئىنچىكە ئىزدىنىشىمىز كېرەك، چۈنكى، شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ ئالاھىدىلىكلەر بىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر قىسمى.

## ئۈچىنچى، ئۆزىمىزنىڭ «سەۋەنلىك»لىرىنى تەكشۈرۈش

شەخستىكى قاراڭغۇلۇق ئۇستىدە ئىزدىنىشنىڭ ئۈچىن-چى يولى خاتا قىلىپ قويغان سۆزىمىز، خاتا قىلىپ قويغان

ھەرىكىتىمىز ۋە خاتا چۈشىنىلگەن ھەرىكىتىمىزنى تەكشۈ-
رۈشتىن ئىبارەت. سۆزدىكى سەۋەنلىك — ئويلىماي دەپ
قويۇپ، ئۆزىمىزنى قاتتىق تەڭلىكتە قالدۇرغان سۆزنى كۆر-
ستىدۇ. نۇرغۇن ئىشلار ئىچىدە ئىپادىلەشنى ھەممىدىن
بەك ئويلايدىغىنىمىز قاراڭغۇلۇق بولسا، ئەمما ئارىسالدى
بولۇپ قالساق، تۆۋەندىكى ھادىسىلەر ئارقىلىق قاراڭغۇلۇقتا
سەھنە ياساپ بېرىمىز. «دىمەكچى بولغان سۆزۈم مۇتلەق
ئۇنداق ئەمەس» ياكى «ئۇنداق سۆزنى قىلغانلىقىمغا زادى
ئىشەنمەيمەن»، بۇنداق «ئەپۇ سوراش» ئاڭ تەكلىپ قىلغان-
دا، ئادەتتە قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئارزۇسىغا يېتىشىگە ياردەم
بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەسىلەن، ئەننى «باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئەڭ چوڭ
كەڭچىلىك بىلەن يول قويۇش كېرەك» دەپ تەلىم ئېلىپ
كەلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاتمىش ياشقا كىرگەن دوستى
كرىس مودېل مەكتىپىگە يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا، ئەننى
ئۆز ئىچىدە كرىسنىڭ قارارى بەك كۈلكىلىك دەپ ھېس
قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنى ياقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەننى
كرىسنى تەبرىكلىمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭدىكى قاراڭغۇلۇق
بۇنىڭ بىر كۈلكىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى توختىماي ئەسكەر-
تىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەننى ئويلىماستىن: «سەن
مەشھۇر ‹مەينەت› نامزات بولۇپ قالىسەن» دەپ تاشلايدۇ.
ئەمەلىيەتتە، ئەننى: «سەن مەشھۇر ‹مودېل› نامزاتى بو-
لۇپ قالىسەن» دىمەكچىدى (ئىزاھات: ئىنگلىز تىلىدا
muddle — مەينەت دىگەن سۆز بىلەن model — مودېل
دىگەن سۆزنىڭ ئاھاڭى ناھايىتى يېقىن). ئەمما بۇ ئەننىنىڭ
كۆڭلىدە كرىسنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنتايىن قاتتىق تەنقىدلە-

گەنلىكىنى سەزمەي قالغانلىقىدىن بولغان.

ھەرىكەتتىكى سەۋەنلىك تېخىمۇ چوڭ بېشارەت بېرىشى مۇمكىن. بەزى چاغدا ئادەمنىڭ «تاپتىن چىققان» ھەرىكىتىنى ھېچقانداق ئاساس بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بەزىلەر: «ئۇ نېمە بولدىكىنتاڭ؟ ئۇنىڭ بۇنداق ھەرىكەت قىلغانلىقىنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم!» دەيدۇ. بۇ سۆز ئۇنىڭ ھەرىكىتى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ماھىيىتىگە بولغان ئەسلىدىكى چۈشەنچىسىدىن تامامەن چەتلەپ كەتتى، ھەممەيلەن، جۈملىدىن ئۇمۇ «بۇنداق ھەرىكەتتىن ئېسەنگىرەپ قالدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئادەمنىڭ ھەرىكىتى خاتا چۈشىنىلگەن، ئەسلىي مۇددىئاسى بۇرمىلانغاندا، يەنە بىر خىل تىپتىكى «سەۋەنلىك» يۈز بېرىدۇ. بىر لېكسىيە سۆزلىگۈچى ئەسلىدە ئارزۇ - ھەۋىسىنىڭ لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغان، لېكىن لېكسىيە سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا «مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى بەك مەسخىرىۋازلىق بىلەن چېتىپ قويدىڭىز» دېگەن. بىر كەمتەر، تارتىنچاق ئايال بىر يىغىلىشتا ئەرلەر «پايپېتەك» بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن «چىشىمغا تەگدى» دەپ ھېس قىلىسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ جىنسىيەت جەھەتتىكى شاللاقلىقىنى سەزمەسلىكى مۇمكىن. بىر زىياپەتتە بىر ئەر تەكلىپ بويىچە مۇكاپاتلانغان خىزمەتدىشىنى تەبرىكلەپ قىسقىچە سۆز قىلغان، ئەمما كېيىن، ئۇ جورىسى «يۇمۇرلۇق سۆزىڭىزدە خېلى كېلىشتۇرۇپ بوھتان چاپلىدىڭىز» دېگەنلىكى ئۈچۈن ھاڭ ـ تاڭ قالغان.

يۇقىرىقى خىلمۇخىل ئەھۋاللار (ئۇلار بىز ئۈچۈن ئا-

دەتتىكچە تەجرىبە) دا ئۆز ـ ئۆزىمىزنى قىزىشتا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئىگە بولىمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كۆپ مەنپەئەت ئالىمىز، قىلىش بىلەن قىلماسلىقنى تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز. ئەگەر بۇ «سەۋەنلىك» لەرنى مەسخىرە قىلساق ياكى ئۇلارنى ئاقلاپ، زورمۇزور چۈشەندۈرسەك ۋە ياكى ئۇلارنى قاراڭغۇ بولۇڭ ـ پۇچقاقلا تىقىپ قويساق، بىزگە ھېچقانداق پايدا كەلتۈرمەيدۇ. ئۇلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا يۈزلىنىش ئۆزىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىكى كەمچىلىكنى پەرق ئېتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى بايلىقىنى ئىلگىرىلەپ چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان ئەدەبسىزلىك ياكى زىيانلىق بولغان بۇ «سەۋەنلىك» لەرنى ئازايتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

## تۆتىنچى، يۇمۇرلۇق تۇيغۇمىز ۋە مۇئەييەنلىكىمىزنى نەزەرگە ئېلىش

شەخستىكى قاراڭغۇلۇق ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ تۆتىنچى يولى ئادەتتىكى يۇمۇرلۇق تۇيغۇمىزنى ۋە يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا بولغان ئىنكاسىمىزنى نەزەرگە ئېلىشتىن ئىبارەت. ھەممىمىز يۇمۇرنىڭ بىر كۆرۈپ تۇرغان ئەھۋالنى دائىم تېخىمۇ مۇبالىغە قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز؛ ئەمەلىيەتتە، يۇمۇرلۇق سۆزلەر ھەمىشە قاراڭغۇلۇقنىڭ پاكىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يۇمۇرنى كۈچلۈك ئىنكار قىلىدىغان ۋە چەكلەيدىغان كىشىلەردە ئادەتتە يۇمۇرلۇق تۇيغۇ كەم بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىزىق ئىشلار بەك ئاز بولىدۇ.

مىسال ئېلىپ مۇنداق بىر كونا ھېكايىنى ئويلاپ كۆ-

رەيلى! بىر كىچىك بازاردىكى ئۈچ مىسسىئونېر ھەپتىدە بىر قېتىم مۇقىم يىغىلىش ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت بىللە ئۆتۈپ يېقىن ۋە بىر ـ بىرىگە ئىشىنىدىغان مۇناسىۋەت ئورنىتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار بىر ـ بىرىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىز خېلىلا كۈچلۈك دەرىجىگە يەتتى دەپ ھېس قىلىپ، ھەربىرىمىز ئۆتكۈزۈپ قويغان بىر چوڭ گۇناھىمىزنى ئىقرار قىلايلى، ئۇ گۇناھلارغا تەڭ جاۋابكار بولايلى دەپ كېلىشىپتۇ. «راستىنى ئېيتسام، — دەپتۇ بىرىنچى مىسسىئونېر، — مەن سەدىقە قىلغان پۇلنى ئوغرىلىۋالغان.» «ئۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس، — دەپتۇ ئىككىنچى مىسسىئونېر ۋە ئۆز گۇناھىنى ئىقرار قىپتۇ، — قوشنا بازاردىكى بىر ئايال بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىم مېنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھىم.» ئۈچىنچى مىسسىئونېر ئىككى مىسسىئونېر ئىقرار قىلغان يارىماس گۇناھنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئاھ، خۇدا! سىلەرگە ئىقرار قىلايكى، ئۆسەك سۆز تارقىتىش مېنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق جىنايىتىم، بۇ يەردىن كەتمەي تۇرالمايمەن» دەپتۇ.

كۆپ سانلىق كىشىلەر ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاڭلىماققا كۈلكىلىك. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، بۇ ھېكايە بىزنىڭ ئۆز قاراڭغۇلۇقىمىزدىكى ئۆسەك تارقىتىشنى ياقتۇرىدىغان خاراكتېرىمىزگە باغلىنىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ھېكايىدىكى ئۈچىنچى مىسسىئونېرنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ رەسۋاچىلىقىنى كىچىك بازاردا يېيىۋېتىپ خۇش بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيمىز. بىز بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەسلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىمىز، شۇنىڭدەك ھەرگىز بۇنداق ئىشنى قىلمايمىز؛ ئەمما، ئۇنتۇ-

ماسلىقىمىز كېرەككى، قاراڭغۇلۇق بارلىق ئىشلار ئىچىدىكى بىز قىلىشقا ئەڭ پېتىنالمايدىغان، ئەمما قىلىشقا ھەممىدىن بەك ئىنتىلىدىغان ئىش. بۇ ھېكايىگە قىزىقىش ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يۇمۇرنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە چەكلەيدىغان كىشىلەر بۇ ھېكايىدىن يۇمۇر ھېسى تاپالمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا سوت قىلىش نەزىرى بىلەن قاراشنى قويىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بۇ ھېكايە ھەققىدىكى قارىشىنى يۇمۇر بىلەن ئەمەس، بەلكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىك باھالار بىلەن يەكۈنلەيدۇ. ئۇلار بۇ ھېكايە دەۋرىمىز ئۇستىدىن قىلىنغان شىكايەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ ئۇچ مىسسىئونېر جازاغا تارتىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىدۇ.

بىز باشقىلارنىڭ ئازابى ياكى بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولۇشنىڭ ناچار ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، لېكىن بىراۋنىڭ مۇز تېيىلىش مەيدانىغا تۇنجى قېتىم چۈشكەن چاغدىكى ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەندە تولىمۇ كۈلكىلىك ھېس قىلىمىز. بىرنەچچە ئون يىل ئىلگىرى كىنولاردا، بانانىنىڭ شۆپۈكىگە تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكەن كۆرۈنۈش تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىڭ تېپىك ئۇسۇللىرىدىن بىرى ئىدى. ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان بۇنداق كومېدىيىدىن كۈلۈشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ بەختسىزلىكتىن تارتقان ئازابلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ۋەقەلىكتىن كۈلۈشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، خارلاش تەلۋىلىكىدىن ئىبارەت ئىچكى خاراكتېرىمىز ئارام تېپىش يولىنى تاپىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، يۇمۇرلۇق، بولۇپمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلغان ئىشلارنى تەكشۇرۇش تېخىمۇ چوڭقۇر ئاڭلىقلىققا ئىگە بولۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بىز دائىم تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىدىن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۆلىمى ۋە سىجىللىقىنى كۆزىتەلەيمىز، بولۇپمۇ بەدەن تېگىشىپ تۇرىدىغان تەنھەرىكەتتە شۇنداق بولىدۇ. باشقا ھەرقانداق سورۇندا جەرىمانە تاپشۇرۇشقا ياكى تۇرمىگە كىرىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ھەرىكەت، بۇ چاغدا توغرا، رىغبەتلەندۇرۇشكە تېگىشلىك ھەرىكەت دەپ قارىلىپلا قالماستىن، بەلكى چاۋاك چېلىپ ياقلاشقا تېگىشلىك ھەرىكەت دەپ قارىلىدۇ. مۇلايىم كۆرۈنگەن تاماشىبىنلار ئۆلتۈرۈشكە يېقىن كېلىدىغان تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن. مەن جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە بىر نۆۋەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدىم: بىر مەيدان كەسپىي چېلىشىش مۇسابىقىسىنى كۆرگەندە بىر توپ ياشانغان موماينى ئۇچراتتىم. مەن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىپ، ھەتتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ئەستىن چىقىرىپ قويدۇم. بۇ مومايلار ئەسلىدە ماھىرلار مەيدانىغا كىرگۈچە ناھايىتى «نورمال» كۆرۈنگەنىدى. مۇسابىقە باشلانغاندىن كېيىن ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇشتلىرىنى پۇلاڭلاتتى، «ئۇ ھارامزادىنى ئۆلتۈر! ھوي، يارامسىز ئەبلەخ!» «ئۇنى قاچۇرۇپ قويما! قولىنى تولغاپ ئۈزۈۋەپ تاشلا!» دەپ توختىماستىن ۋارقىرىدى. قاراڭغۇلۇقنىڭ تاجاۋۇز خاراكتېرلىك ئورۇن يۆتكىگەن ئىپادىسى شۇ ئاخشامدىكى مۇھىم ئويۇن بولۇپ قالدى.

## بەشىنچى، چۈشىمىز، ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشىمىز ۋە خام خىيالىمىزنى مۇھاكىمە قىلىش

شەخسىكى قاراڭغۇلۇق ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ ئاخىرقى بىر يولى كۆرگەن چۈشىمىز، ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشىمىز-

مىز ۋە خام خىيالىمىزنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت. دىلىمىز بىلەن زىددىيەتلىك شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش تۇغۇلغاندا ئاسانلا چۈش كۆرىمىز، ئۇخلىماي چۈش كۆرىمىز ياكى خام خىيال قىلىمىز. ئەگەر بۇ تەجرىبىلەرگە دىققەت قىلىشقا باشلىساق، بىز تۇرغان مەۋقە ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇق ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىغا دائىر بىرمۇنچە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

قاراڭغۇلۇق چۈشىمىزدە كۆرۈنگەندە بىز بىلەن ئوخشاش جىنستىكى شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىز چۈشىمىزدە ئۇنىڭغا قورقۇش، يىرگىنىش ياكى ياراتماسلىقتا ئوخشاش ئىنكاسلارنى قايتۇرىمىز ۋە ياكى ئۆزىمىزدىن تۆۋەن كىشىگە ئىنكاس قايتۇرغاندەك ئىنكاسنى قايتۇرىمىز. چۈشىمىزدە دائىم ئۆزىمىزنى ئۇنىڭدىن چەتكە ئېلىشنى ئويلايمىز، شۇنداقلا ئۇ دائىم پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان شەكىلدە چۈشىمىزگە كىرىدۇ - دە، بىۋاسىتە سېزىم ئاساسىدا ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن قېچىش كويىدا بولىمىز.

چۈشىمىزگە كىرگەن شەخس بىزدىكى قاراڭغۇلۇق ياكى بىزدىكى قىسمەن قاراڭغۇلۇققا ۋەكىللىك قىلغانىكەن، بىز ئۇنىڭغا جىددىي قارىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ھەم ئۇ ۋەكىللىك قىلغان مەنىنى قېزىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ھەرىكىتى، پوزىتسىيىسى ۋە سۆزىنى ئىنچىكە كۆزىتىشىمىز لازىم. ئۇ ئېڭىمىزنىڭ سىمۋولى بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىمىزنى بىلىشنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، چۈشىمىزدىكى ئومۇمىي خاھىشىمىزدىن ئالغاندا، قاراڭغۇلۇقتىن قېچىشقا مايىل بولىمىز؛ كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ گويا ئاڭ ئاساسىدىكى تۇرمۇشى-

مىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.
بىز ئۆزىمىزنىڭ خام خىيالغا ياكى ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشكە مەستانە بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىماسلىقىمىز مۇمكىن، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، بۇ تەرەپكە سەرپ قىلغان ۋاقتىمىز ئۇنى چۈشىنىش قىزغىنلىقىمىزدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. كۆڭلىمىز سەگەك ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇنىڭ مەركەزلىشىش، بىرلىش ئىقتىدارىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ھەققىدە چىدىغۇسىز ئىش. شۇڭا، ئويلىغۇدەك ئىش قالمىغاندا نېمىلەرنى ئويلايمىز؟ خىيالىمىز نەلەرگە ئۇچۇپ كېتىدۇ؟ قانداق ئوبراز ۋە خام خىيال تەپەككۇرىمىزگە بېسىپ كىرىدۇ؟ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈش ۋە خام خىيال بىلەن كىشىلىك تەبىئىتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇكى، بىز ھەتتا ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالىمىز. بىز ئۇخلىماي كۆرگەن چۈش ياكى خام خىيالنىڭ مەزمۇنىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويۇشنى ئەلۋەتتە خالىمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىمىزدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ھەتتا ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.
ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خام خىيالىمىز ۋە ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشىمىزدىن ئاڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ قوبۇل قىلالمايدىغان ئوي، پىلان، غەرەز ۋە خىياللارنى بايقىغىلى بولىدۇ. بۇلار ئادەتتە زورلۇق كۈچ، ھوقۇق، بايلىق ۋە جىنسىيەتتىن كېلىپ چىققان خام خىيالدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئالتۇن قېزىۋالىمەن» دېگەن خام خىيال ۋە «باي بولۇپ كېتىمەن» دېگەن ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشمۇ بار، بىز ئۇلاردىن ئەسلىدە

مۇمكىن بولمىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىمىزنى كۆرد-
مىز. بىز قاراڭغۇلۇقنى يەنە بىر قېتىم ئۇچراتقان ۋە ئۇنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، قاراڭغۇلۇق ئۆزىنىڭ ئالتۇن كانىنى
بىز بىلەن بۆلۇشۇشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ.

يەنە بىر قېتىم يەكۈنلەپ ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئا-
دەمنىڭ ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇق ساھەسىگە كىرىشى ئىنتايىن
مەخپىي ئىش، يەنە كېلىپ ئالاقىدار كىشى ئۇچۇن ئېيتقان-
دا، شۇنداقلا ئۆزگىچە ئىش. شۇڭا ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ
قاراڭغۇلۇق ساھەسىگە كىرىش يولىنى ئېچىشىمىز ۋە بۇ
ئىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. گەرچە ئۆزد-
مىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى ئىزدەشتە قائىدە خاراكتېرلىك تەر-
تىپ بولمىسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى تەكلىپلەر خېلى ياردەم
بېرىدۇ.

# ئۈچىنچى باب

# قاراڭغۇلۇقنىڭ شەكىللىنىشى

## ساختا ئۆزلۈك يارىتىش

ئاتا ـ ئانىلار بەزى ئۆي ـ پىكىر، ھېسسىيات ۋە ھەرىكەتلەرنى چەكلەش كويىدا بولغاندا ھەر خىل ماھارەتنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇلار بەزىدە: «بۇنداق ئويدا بولما!»، «ئو-غۇل بالا دېگەن يىغلىمايدۇ!»، «بەدىنىڭنىڭ ئۇ يېرىگە تەگمە!»، «ئۇ ئىشنى ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما!»، «بۇ ئۆيدە ئۇنداق ھەرىكەتكە يول قويۇلمايدۇ!» دەپ ئېنىق يول-يورۇق بېرىدۇ ياكى تورلۇك ماللار شىركىتىدىكى ئانىغا ئوخشاش ۋاتىلداپ تىللايدۇ، تەھدىت سالىدۇ ياكى كاچاتلاپ ئۇرىدۇ. ئۇلار كۆپ ۋاقىتتا بالىلىرىنى بىر خىل ئۇنۇمسىز ۋە ئەقىلگە سىغمايدىغان ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەيدۇ، ئۇلار بۇ ئۇسۇلنى تاللىغاندا بالىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قارايدۇ يا ئۇلارنى مەلۇم نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. مەسىلەن، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن ئۆسۈشىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەندە، ئادەتتە بالىلىرىغا كىتاب ياكى پەن قورال ـ سايمانلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئويۇنچۇق ياكى تەنتەربىيە بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار قىز بالا

سالماق ۋە مۇلايىم بولۇشى، ئوغۇل بالا قاۋۇل ۋە كەسكىن بولۇشى كېرەك دەپ قارىسا، مۇشۇنداق جىنسىي ئۆلچەمنى بالىلىرىنى مۇكاپاتلاش - جازالاشنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ كىچىك ئوغلى ناھايىتى ئېغىر بىر ئويۇنچۇقنى كۆچەپ سۆرەپ ئۆيگە كىرسە، ئۇلار: «سەن كۈچلۈك ئوغۇل بالا جۇمۇ!» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما، ئەگەر ئەھۋال ئالمىشىپ، ئۇلارنىڭ قىزى شۇ ئويۇنچۇقنى سۆرەپ ئۆيگە كىرسە، ئۇلار: «ئاۋايلا، چىرايلىق كىيىمىڭ يىرتىلىپ كەتمىسۇن!» دەپ جېكىلىشى مۇمكىن.

قانداقلا بولسۇن، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭقۇر تەسىرى ئۇلار ئۇلگە قىلىپ كۆرسەتكەن ئىشلارغا يەتمەيدۇ. بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ تاللىشىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئويۇن - تاماشا جەھەتتىكى ئەڭ يۇقىرى چېكىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشىنى، ئاتا - ئانىسى سەل قارىغان ئىقتىدار ۋە رىئايە قىلغان قانۇن - نىزامنى توغما ئىقتىدارى ئاساسىدا كۆزىتىدۇ. بۇ ئۇلگىلەر بالىلارغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا: «بۇنىڭ ئۆزى تىرىكچىلىك قىلىش يولى. بۇنىڭ ئۆزى تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلى.» پەرزەنتلەر مەيلى ئاتا - ئانىسىنىڭ نەمۇنىسىنى قوبۇل قىلسۇن، ياكى ئۇنى ياقتۇرمىسۇن، بۇنداق دەسلەپكى ئىجتىمائىيلاشقان ئۇلگە يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بالىنىڭ جەمئىيەتنىڭ چاقىرىقىغا كۆرسىتىدىغان ئىنكاسى مۆلچەرلەشكە بولىدىغان بىرنەچچە باسقۇچتىن ئۆتىدۇ. تىپىك قىلىپ ئېيتقاندا، بالىلارنىڭ بىرىنچى ئىنكاسى

چەكلەنگەن ھەرىكەتنى ئاتا ـ ئانىسىدىن يوشۇرۇش. باللار غەزەپلىنىپ بەزى ئۆيلاردا بولسىمۇ، ئۇنى تېشىغا چىقىرىپ ئېيتمايدۇ. ئۇلار ئۆيدە بەدىنىنىڭ نازۇك جايلىرىنى تەكـ شۇرۇپ كۆرىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ كىچىك بىر تۇغقانلىرىنى بوزەك قىلىدۇ. باللار ئاخىردا بەزى ھەرىكەت ۋە تۇيغۇلارنى كىشىلەر ماقۇل كۆرمەيدىكەن، ئۇلارنى تۇگىتىش كېرەك ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىياس خاراكتېرلىك ئاتا ـ ئانىنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ۋە پائالىيىتىنى چەكلەيدۇ؛ بۇ روھىي ھالەت پسىخولوگلار ئېيتقان «ئۆزىدىن ھالقىش» دۇر. شۇـ نىڭدىن كېيىن، باللار چەكلەنگەن ئويغا كەلگەندە ياكى «ماقۇل كۆرۈلمەيدىغان» ھەرىكەتكە بېرىلگەندە كۆڭلى قاتـ تىق بىئارام بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن كۆڭۈلسىز ھېسسىيات، شۇڭا، فرىئۇد ئېيتقاندەك، باللار ئۆزىنىڭ چەكلەنگەن قىسمىنى ئۇخلىتىپ، بۇنداق ھېسسىياتنى تورمۇزلاپ قويىدـ دۇ. شەخسىي پۈتۈنلۈكىنى يوقىتىش ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە، ئائىلىگە بويسۇنۇش ئۈچۈن تۆلىگەن ئەڭ يۇقىرى بەدىلى بولۇپ قالىدۇ.

ھېسسىياتتىكى بۇنداق بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، باللار «ساختا ئۆزلۈك» نى، ئىككى خىل مۇددىئاسىنى ئادا قىلالايدىغان خاراكتېر قۇرۇلمىسىنى يارىتىدۇ: ئۇ ئۇلارنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئىچكى قىسمىنى يوشۇرۇپلا قالماسـ تىن، بەلكى ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشتىن ساقلايدۇ. مەسىلەن، بىر بالا جىنسىي جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىغان، مۇئامىلىسى سوغۇق ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن بولسا، ئۇ «كاج يىگىت» بولۇپ چىقىدـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شى مۇمكىن. ئۇ ئۆزىگە: «ئاتا - ئانامنىڭ كۆيۈنىدىغان-كۆيۈنمەيدىغانلىقىغا پىسەنت قىلمايمەن، ماڭا بۇنداق سۆرەلمە نەرسە كېرەك ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالالايمەن. يەنە بىر ئىش، مېنىڭچە، جىنسىيەت دېگەن پاسكىنىچىلىقتىن ئىبارەت!» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭچە، ئۇ مۇشۇ قېلىپقا ئوخشاش جاۋابنى ھەرخىل ئەھۋاللارغا تەتبىق قىلىۋېرىدۇ. كىم ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولسا، ئۇ شۇنداق توسۇق قۇرۇۋېرىدۇ. ئۇ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ پىسخىكا جەھەتتىكى چەتكە قېقىش ھېسسىياتىنى تۈگىتىپ مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ئورناتقاندا، مەھبۇبىنىڭ يېقىنچىلىق ئارزۇسىغا نىسبەتەن: «سىز نېمىشقا يېقىنچىلىق قىلىشنى ھەمىشە ئارزۇ قىلىسىز ۋە جىنسىيەتكە شۇنچە بېرىلىپ كېتىسىز، ئۇنداق قىلىش نورمال ئەمەس!» دەپ ئۇنى تەنقىد قىلىشى مۇمكىن.

يەنە بىر بالىمۇ يۇقىرىقىدەك مۇھىتتا ئۆسكەن بولسا، بەلكىم تامامەن ئەكسىچە بولغان يەنە بىر خىل ئەھۋال كۆرۈلۈشى مۇمكىن؛ ئۇ باشقىلاردىن مەدەت تىلەپ، ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى مۇبالىغە قىلىپ: «ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن! مەن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىدىم. مېنىڭ جاراھىتىم بەك ئېغىر. مەن باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقىغا موھتاج» دېيىشى مۇمكىن. لېكىن باشقا بىر بالا بولسا يىغقۇچىغا ئايلىنىپ قېلىشى، ئۆزى ئېرىشەلەيدىغان ئازغىنە مۇھەببەت، يېمەكلىك ۋە ماددىي نەرسىلەرنى تەشنالىق بىلەن قولغا چۈشۈرۈشى، مەڭگۈ قانائەت قىلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ساختا ئۆزلۈكنىڭ ماھىيىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مەقسىتى ئوخشاش، ئۇ بولسىمۇ بالىنىڭ ئەسلىدىكى

تۇغما پۇتۇنلۇكى دېگەندەك مۇكەممەل بولمىغاندا كېلىپ چىققان ئازابنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت.

لېكىن، بالىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداي-دىغان بۇنداق سەزگۈرلۈك، ئوخشاشلا ئۇنىڭ سەلبىي ئالا-ھىدىلىكى دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ قاتتىق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرايدۇ. كىشىلەر شۇ سەۋەبتىن ئۇنى مۇئامىلىسى سوغۇق، نامرات، مەنمەنچى، دۆت ياكى بېخىل دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغۇچىلار، ئۇ-نىڭدىكى تىرىشچانلىقنىڭ ئۆز جاراھىتىنى ئاسراش ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق مۇداپىئە خا-راكتېرلىك تۇغما قابىلىيىتىگە تېخىمۇ قايىل بولمايدۇ، ئەل-ۋەتتە. ئۇلار ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى نېرۋا سېزىمچانلىقى ئې-شىپ كەتكەن تەرىپىنىلا كۆرىدۇ. ئۇنى ناچار ۋە پۈتۈنلۈكى-نى يوقاتقان شەخس دەپ قارايدۇ.

ئەمدى بۇ بالا چەكلەپ قويۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ماسلىشا-لايدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى داۋاملىق ساقلىشى كې-رەك، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا بەك ئەسقاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنە چەتكە قېقىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇ قەيەرگە بارىدۇ؟ ھەل قىلىش ئۇسۇلى يەنىلا ئىنكار قىلىش ياكى ئەيىبلىگۈ-چىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ: «مەن باغرى قاتتىق رەھىمسىز ئەمەس» دېيىشتىن ئىبارەت. ئۇ بەلكىم ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاقلاپ: «ئەمەلىيەتتە، مەن ئىنتايىن قاۋۇل ۋە مۇستەقىل»، «مەن زادى ئاجىز ياكى نامرات ئەمەس، مەن پەقەت سەزگۈر، خالاس» ياكى «مەن ئاچ كۆز ۋە شەخسىيەتچىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادچىل ۋە ئېھتىيات-چان» دەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ «مەن ھەرگىز

تەنقىد قىلغىنىڭلاردەك ئەمەس، سىلەر پەقەت چىراغ يوق قاراڭغۇ يەردە ماڭا سەپسالدىڭلار، خالاس» دېمەكچى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ توغرا. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ پاسسىپ ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، ئۇ ئالاھىدىلىكلەر ئازاب - ئوقۇبەتتىن كېلىپ چىققان ھەم شۇ سەۋەبتىن قىياسەن قاراشنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان، شۇنداقلا مۇرەككەپ ۋە بەزىدە دۈشمەنلىك قىلىدىغان بۇ دۇنياغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان بىر خىل تاكتىكا بولۇپ قالغان. لېكىن، بۇ ئۇنىڭدا بۇ پاسسىپ ئالاھىدىلىكلەر يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرمۇنچە گۇۋاھچىلار ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجابىي ئوبرازىنى ساقلاپ، تۇرمۇش كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ پاسسىپ ئالاھىدىلىكلەر ئاتالمىش «ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش» بولۇپ قالىدۇ، ساختا ئۆزلۈككە مەنسۇپ خاراكتېرلارمۇ ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغاچقا ئېتىراپ قىلىنمايدۇ.

بۇ يەردە بىر ئاز توختاپ، ئۆزلۈككە تەۋە بۆلەكنىڭ ئۆسۈپ چىققان بىخلىرىنى رەتلەپ كۆرەيلى. بىز ھازىر سىزنىڭ مۇھەببەتكە، بىردەكلىككە تولغان تەبىئىي خۇسۇسىيىتىڭىزنى، يەنى ئىپتىدائىي پۈتۈنلۈكىڭىزنى پاچاقلاپ، ئۈچ ئايرىم گەۋدە قىلىپ ئاجرىتىمىز. ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. سىزنىڭ «يوقالغان ئۆزلۈك»ىڭىز، يەنى جەمئىيەتنىڭ تەلى-

يىنى كۆزدە تۇتۇپ چەكلىمە قويۇشقا تېگىشلىك خاراكتېرىڭىز.
2. سىزنىڭ «ساختا ئۆزلۈك» ىڭىز، يەنى سىزنىڭ «يوقالغان ئۆزلۈك» ىڭىزگە چەكلىمە قويۇش ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشى كەم بولغان بوشلۇقىڭىزنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە تىكلىگەن ئالاھىدە خاراكتېرىڭىز.
3. سىزنىڭ «ئىنكار قىلىنغان ئۆزلۈك» ىڭىز، يەنى سىزنىڭ قوللاشقا ئېرىشەلمەي ئىنكار قىلىنغان، «ساختا ئۆزلۈك» ىڭىزگە مەنسۇپ بولغان پاسسىپ خاراكتېرىڭىز.

سىزنىڭ يەنىلا داۋاملىق دىققەت قىلىدىغىنىڭىز، ئۆزدىڭىزگە مەنسۇپ بولغان ئىپتىدائىي تۇغما تەبىئىتىڭىز، تېخى تەسىرگە ئۇچرىمىغان تۇغما ئىقتىدارىڭىز ۋە ساختا ئۆزلۈككە مەنسۇپ بولغان بەزى ئالاھىدە قاتلاملىرىڭىزدۇر. بۇ خاراكتېرلەر سىزنىڭ «تەبىئەت» ىڭىزنى، يەنى سىز سىرتقا تەسىرلەپ بەرگەن ئۆزلۈكىڭىزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. سىزنىڭ يوقالغان ئۆزلۈككە مەنسۇپ بولغان قىسمىڭىز پۈتۈنلەي دېگۈدەك سېزىش دائىرىڭىزنىڭ سىرتىدا قالىدۇ، چەكلىمە قويۇلغان خاراكتېرلىرىڭىزنى بارلىق باغلىنىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن تەمىنلەيسىز. ئىنكار قىلىنغان ئۆزلۈككە، يەنى ساختا ئۆزلۈكىڭىزگە مەنسۇپ بولغان سەلبىي خاراكتېرگە كەلسەك، ئۇ سېزىش دائىرىڭىزنىڭ سىرتىدا ئاربلاپ يۇرۇپلا قالماي، بەلكى «ئۆزۈمنى كۆرسىتىمەن» دەپ ھەمىشە تەھدىت سالىدۇ، سىز ئۇنى داۋاملىق يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى كۈچەپ ئىنكار قىلىسىز ياكى ئۇنى باشقىلارغا پروييېك-

سىيە قىلىپ: «مەن ئۆزۈمچىلىك قىلمايمەن» دەيسىز. سىز يەنە: «نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ مەن ھۆرۈن ئەمەس! ھۆرۈن دېگەن ئۆزىڭىز!» دەپ، ئۆزىڭىزنى بولۇشىچە ئاقلايسىز.

## قارشىلىق ۋە ئاسىيلىق

ئەمدى گۆدەكلىك دەۋرىدە ئاسىيلىق قىلىش ۋە يوقىلاڭ چىقىش سەۋەبىدىن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان ھەم ھېسسىياتقا يېپىشۋالغان پسىخىك تەسىرنى ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلايلى. ئىپتىدائىي تىپ ھالىتىدىكى پۈتۈنلۈك ئىنسان تەبىئىتىگە بىرقەدەر ئۇيغۇن بولغان شەخسىي مۇناسىۋەتكە يۆتكەلگەندە، ئەگەر يۆتكىلىش تەرتىپىدە خاتالىق ياكى مۇۋاپىقسىزلىق يۈز بەرسە، بالىلار قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئاسىيلىق قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، بۇنداق ئەھۋال ئانا داۋاملىق ئۆزىنىڭ مۇكەممەل مۇھاپىزەتچى ۋە مېھرىبان ئانا ئوبرازىنى ئىسپاتلاپ، بالىلىرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى سەلبىي ھېسسىيات ۋە كەيپىياتقا پۈتۈنلەي پەرۋا قىلمىغاندا يۈز بېرىشى مۇمكىن. بالا ئانىسىنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتىدىكى ئېخمۇ مۇكەممەل ئوبرازىنى چۈشىنىشى كېرەك، شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ يەككىلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە كىرىشىدۇ.

ئانا ئۆزىنى ئاكتىپ ئانا ئۇلگىسى سۈپىتىدە ئىسپاتلىغاندا، پاسسىپ ئانا ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىچىدا توختىماستىن چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بالىسى ئەسلىي تىپتىكى ئانىنىڭ

ئىنسان تەبىئىتىگە تېخىمۇ يېقىن ئانىغا ئايلىنىش تەجرىبە-
سىنى چۈشىنەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ھېسسىياتى ۋە كەي-
پىياتىغا داغ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بىر - بىرىنىڭ
ئەكسى بولغان ئىككى خىل تىپتىكى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا
قالغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭ پۈتۈنلۈكىنى
پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى بىردىنلا يوقىتىپلا قالماستىن،
بەلكى ئۇنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىدە ئىنتايىن چوڭ
دەز پەيدا قىلىپ، ئۇ چۈشەنگەن قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە
ئاسىيلىق قىلىش تەجرىبىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ
گەرچە ئاكتىپ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى ئەندىزى-
نىڭ چەكلىمىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن رەنجى-
سىمۇ، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خاسلىقلاشقان ئىمپۇ-
لىسنىڭ ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئۇزلۇكسىز ئىلھام
بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى چەك-
لىك: ئۇ يا بالىلىق روھىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشى، يا
مۇتلەق قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە تەلەپلا قىلىدىغان پاسسىپ
ئانىغا غەزەپ ياغدۇرۇشى كېرەك. بۇ ئىككىسىدىن باشقا
چارە يوق. ئۇ ئۆزىگە خاراكتېر شەكلىنى ۋە ئىپادىلەش
پۈرسىتىنى بېرىدىغان نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشى زۆرۈر
بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق قانائەت تۇيغۇسى ۋە مۇۋەپپەقى-
يەت تۇيغۇسىنى يوقىتىۋېتىدىغان قاراڭغۇ كۈچكە دۇچ كېلى-
دۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاسىيلىقتا قانداق يولۇققان-
لىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خۇددى پاسسىپ ئانا بالىسىنىڭ تەبىئىتى جەھەتتىكى
كەمچىلىكىگە قارشى تۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن يېتىشسىزلىكنى
تۇگىتىشنى تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش، ئوخشاش دەرىجىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاكتىپ ئانا بالىسىنىڭ تەبىئىتى جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم قەدىرلەيدۇ. ئەمما، بۇنداق ئەھۋال ئىنتايىن بىردەك دەرىجىدە يۈز بېرىدۇ، شۇڭا بالىنىڭ كۆڭلىدە ئالاھىدە، ئايرىم قارشىلىق شەكىللىنىدۇ؛ ھالبۇكى، بۇ ئامىللار ئانا بالىسىدا بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان ئوبرازغا يەنىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇنداق تەجرىبە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېيىنكى تەسىر شۇكى، بالىنى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى چەكلەشكە ياكى يوشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان خاراكتېر جەمئىيەت ۋە شەخس ئۈچۈن ھەمىشە چىدىغۇسىز، كۆڭۈلسىز ۋە ھالاكەتلىك بولغاچقا، خۇسۇسىيلىق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ بۇنداق ئارىلىشىپ كېتىشى ئېچىنىشلىق زىيان كەلتۈرۈپ چىقارماي قالمايدۇ. بۇ بالىمۇ مۇشۇ تەجرىبىدىن روھ بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ قوبۇل قىلىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭ ھەرقانداق كىشى بىلەن يېقىن كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ياكى ئۇنى ساقلاپ قېلىشىنى ئىنتايىن قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا بەزىلەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغاندا، ئۇ بەزى ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ باشقىلارنى ئۆزىدىن باش تارتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنداق ھادىسە ئومۇميۈزلۈك بولغاچقا، ئۇنى كۆپرەك چۈشىنىشكە ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئادەم قاتتىق ئاسىيلىقنىڭ زىيان - زەخمىتىگە ئۇچرىغاندا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىش

تۇيغۇسى قوزغىلىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنىڭ ئۆز خاسلىقى-نى ھاسىل قىلغان مەلۇم ئىچكى نەرسىنىڭ رەت قىلىش تەلىپى دېيىشكە بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ تامامەن يېقىن مۇنا-سىۋەتتىن ۋەھىمە يېيىشنى، كونا جاراھەتنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىپ، تېخىمۇ چوڭ زىيان - زەخمەت كەلتۈرۈشىدىن قورقۇشنى ئاساس قىلغان. ئەلۋەتتە بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق، بولۇپمۇ بۇ جاراھەتنى يېقىن كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئاشكارى-لاشقا بولىسمۇ، ئۇ يەنىلا باللىق دەۋرىدىكى ئاسىيلىق قى-لىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش تەجرىبىسى كەلتۈرۈپ چى-قارغان تۈنجى جاراھەت. شۇڭا، ئادەم قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش تۇيغۇسىغا كەلگەندە، بۇنداق ئىپ-تىدائىي جاراھەتلىنىش ئەھۋالى قايتا - قايتا تەكرارلىنىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، ئادەم بۇ خىل ئاڭ تەسىرىنىڭ ئازابلى-شىدىن قاچمايدۇ.

بىز يەنە باشقىچە چۈشىنىش يولىنى ئىزدەپ باقايلى. ئەگەر بۇ خىل ھادىسىنى ئادەم قاراڭغۇلۇق بىلەن روھنى پەرقلەندۈرەلمەي قالغاندا كېلىپ چىققان نەتىجە دەپ قارى-ساق، چۈشىنىش بىر قەدەر ئاسانلىشىدۇ. بۇنداق ئادەم يەنە بىر روھ بىلەن مەلۇم تەرزدە سىرداشقاندا، بۇ خىل ھادىسە ئۇنىڭ كۆڭلىدە كۈچلۈك خىجىللىق، جىنايەت ۋە ۋەھىمە تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قاراڭغۇلۇقنىڭ گۈدەكلەرچە، چېكىنگەن خاراكتېرى ئەسلى-دە پۈتكۈل كىشىلىك خاراكتېرگە ئۆزلىشىپ، قوشۇلۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىدى. سەۋەبى بۇ ئىچكى تۈس ئالغان پاسسىپ ئاتا - ئانا ئۇلگىسى ئېغىر جاراھەتلەندۈرگەن تەجرىبىگە باغلىق بولۇپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

شۇڭا، قاراڭغۇلۇق بىلەن روھ ئارىلىشىپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەندە، ئەتراپتا غەمخورلۇق ۋە كەڭ قورساقلىق كېلىپ چىققان تەقدىردىمۇ، ئادەم يەنىلا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ باشقا بىر كىشىنىڭ ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەقىقىي «چىدىغۇسىز» ۋە «ھالاكەتلىك» جىنايىتىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىغا موھتاج بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇلارنى ئۆزىنىڭ روھىدىكى پۈتۈنلۈكتىن پەرق ئېتەلمەي-دۇ. قاراڭغۇلۇقنىڭ بۇ خاراكتېرلىرى، مەسىلەن، بوۋاق-لارچە تەلەپ، تايىنىش ئېھتىياجى، بوۋاقلارچە ياكى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان جىنس، ئاچ كۆزلۈك ۋە رەھىمسىزلىك قاتارلىقلار ئىنسانلارغا مەنسۇپ زۆرۈر شەرت بولسىمۇ، لې-كىن باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا چەك قويۇش كېرەك. ئادەم باشقىلارنىڭ روھىغا غەمخورلۇق قىلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، باشقىلارنىڭ بۇ خاراكتېرلىرىگە يول قويىدىغان بولىدۇ، ئەمما بۇ شۇ ئادەمنىڭ شۇ قاراڭغۇلۇق-نىڭ قۇربانىغا ئايلىنىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. لېكىن، قار-شىلىق كۆرسىتىش تۇيغۇسى قوزغالغان كىشىلەر بۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى تولۇق ئىپادىلەشكە يول قويۇش كېرەك، ئۇ-نىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇلۇق جازاغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن غەم-خورلۇققا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلارمۇ شۇنداق قىلغاندىلا، ھەقىقىي غەمخورلۇق ۋە ئارىغا ئېلىشنى ھېس قىلالايمىز، دەپ ھېسابلايدۇ، بۇ مۇشۇ مەسىلىدە يەنە بىر پىلتىگە ئوت بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېقىنلىقتا بولغان ئېھتى-ياجىنىڭ يېقىنلىقتا بولغان ۋەھىمىسىدىن كۆپ ئارتۇق ئى-

كەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىرخىل قاراش بىلەن ئېيتقاندا، شەخستىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ جىنايەتلىرىنى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش تۇيغۇسىنى قوزغاپ قويۇشتىن قورقۇش خاراكتېرىنى تۈگىتىش ئىنتايىن تەخىرسىز ئىش، چۈنكى ئۇلار يېقىن كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئۇرنىتىشتا توسالغۇ پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيىسى ۋە باللاردىكى قاراڭغۇلۇق

بىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىمىزدە قاراڭغۇلۇق ئىزناسىنىڭ ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى مۇقەررەر ھادىسە. ئاڭ ئاساسىدىكى كىشىلىك خاراكتېرنى تىكلەش ئۈچۈن، مەلۇم ئىشلار ئارقىلىق ئۇنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك؛ بۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا قاراڭغۇلۇق ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇۋاپىق پسىخىكىلىق ئالامەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ئەگەر قاراڭغۇلۇقتىن ياكى ئۆزلۈكتىن ئىسپاتلىماقچى بولساق، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان «بۇزۇق ئادەم» ياكى ئەجەللىك نۇقسان بىزنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئاڭ ئاساسىدىكى كىشىلىك خاراكتېر ئېنىق ئەخلاق پوزىتسىيىسىگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئادەم خاسلىققا ۋە پۇتۇنلۇككە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر كىشىلىك خاراكتېرىنى ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىقى، يولسىزلىقى ۋە زورلۇق كۈچى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا ئارتۇقچە ئۇرۇنسا، ئۇلاردا جىنايەت تۇيغۇسى ۋە ئۆزىنى تەكشۈ-

رۇش كەم بولسا، كىشىلىك خاراكتېرنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ئىپا-دىلەش مۇمكىن بولمايدۇ.

لېكىن، بالىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىسپاتلاش ئىقتىدا-رىنى توغرا يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئاسان ئىش ئە-مەس. ئاتا ـ ئانا، دىن ۋە جەمئىيەتنىڭ مورالىزمغا ئائىت پەند ـ نەسىھەتلىرى ئادەتتە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ھەتتا بۇز-غۇنچىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەت-تە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تۇرمۇش جەھەتتە يې-تەكلىشى ۋە ئۆزلىرى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەن سەممىي-لىك تېخىمۇ مۇھىم. ساختىپەز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مورالىزم تەلىملىرى پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ ئېغىر زىيان كەلتۈرىدۇ. تۆپ نۇقتىدىن قارىغاندا، قاراڭغۇلۇقنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە قاراڭغۇلۇق مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قى-لىش يولى ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا «يېقىن مۇناسىۋەت» ئورنىتىشتىن ئىبارەت. بالىلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك تۇرمۇشىدا ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋاكالەتچىلىرىنىڭ سەممىي مۇھەب-بەت بىلەن چۈشەپ قويۇشىغا موھتاج بولىدۇ. مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي تۇرمۇشىغا زۆرۈر ئاساس سال-غىلى بولىدۇ. چۈنكى ئاخىرقى تەھلىلدىن قارىغاندا، ئەخلا-قىي تۇرمۇش بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى ۋە ئىنسان-لار مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىش كۈچى بىلەن ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە. بەزى بالىلاردا بۇنداق يېقىن مۇناسىۋەت بولۇپ باقمىغان، شۇڭا ئۇلاردا قاراڭغۇلۇقتىكى ھەممىدىن بەتتەر قاراڭغۇلۇققا قارشىلىق كۆرسىتىشتە بولىدىغان ھېسسىيات مۇداپىئەسى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ ياكى زادىلا مەۋجۇت

بولمايدۇ. ئۇلار بۇنداق ئەھۋالنىڭ يېتەكلىشى بىلەن جىنا-
يەت ئۆتكۈزۈشى، روھىي جەھەتتە جەمئىيەتكە قارشى غەيرىي
نورمال كىشىلىك خاراكتېرىنى شەكىللەندۇرۇشى، يەنى قا-
راڭغۇلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى ئىس-
پاتلىشى مۇمكىن.

لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلى-
رىنى تېخىمۇ ئاكتىپ خاسلىقىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشقا
سېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەندە، ئۇلاردىن سەمىمىي بولۇشقا تى-
رىشىشنى ۋە باشقىلارنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىشنى
تەلەپ قىلغاندا، ئۇلارنى ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن بەك ئاج-
رىتىۋەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ئادەمنىڭ ئاڭ ئاساسىدىكى
كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن بولغان ئالاقىسى
ئۈزۈلۈپ قالغاندا قاراڭغۇلۇق ھەممىدىن بەك خەتەرلىك بو-
لۇپ قالىدۇ. بۇنى خاپا بولغان بالىدىن كۆزىتىپ باقساق
بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بالىلار غەزەپلىنىپ ئۆزىنى باسالماي قال-
دى دەپ، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك
تەسىر كۆرسىتىشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ چاغدا ئەگەر
ئۇلارنىڭ غەزەپ بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ
تاشلانسا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل زىيان بولۇپ قالىدۇ،
چۈنكى غەزەپلىنىشنىڭ ئادەتتە بىر خىل ساغلام ئىنكاس
ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. ئەگەر ئاتا ـ ئانا: «سەن سىڭلىڭغا
ئاچچىقلايدىغان ئەسكى بالا!» دېسە، بۇ چاغدىكى يوشۇرۇن
خەۋپ شۇكى، سەزگۈر بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ماختىشىغا
ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ غەزىپىنى تورمۇزلىۋېلىشى مۇم-
كىن. بۇ ئەھۋال بالىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان كىشىلىك
خاراكتېرىنى قاراڭغۇلۇقتىكى كىشىلىك خاراكتېرىدىن بۆ-

www.uyghurkitap.com

لۇپ تاشلاپ، خەۋپ پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ تېخى غەزەپ يەتكۈزۈپ بەرگەن ئېنېرگىيە بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كېلىپ چىققان زىياننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانا ئۆزى غەزەپلىنىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ چېچىلىشىغا يول قويمىسا، ئەھۋال تېخىمۇ ھالاكەتلىك بولىدۇ. «مەن خاپا بولسام بولىدۇ، سەن خاپا بولساڭ بولمايدۇ»، بۇ ئاتا - ئانىنىڭ رېئاللىقتا بىلدۈرگەن پوزىتسىيىسى. شۇنداق بولغاچقا، ئاتا - ئانىغا پەقەت بىرلا تار يول قالىدۇ. بالا سىڭلىسى بىلەن تالىشىپ قېلىپ غەزەپلەنگەندە، ئاتا - ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى «سىڭلىڭدىن خاپا بولۇپ قالغانلىقىڭنى چۈشىنىمەن، لېكىن ئۇنىڭغا تاش ئاتساڭ بولمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، بالىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن زورلۇق كۈچ ئىشلەتىش بىۋاستە سېزىمى ياكى كەيپىياتىدىن پەيدا بولغان ئەندىشىسىدىن تەپ تارتىشقا ئىلھاملاندۇرغىلى، شۇنداقلا ئۇنى ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پۈتۈنلەي ئاجرىتىۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ھەممىمىزدە مۇقەررەر ھالدا قاراڭغۇ تەرەپ بولىدۇ، شۇڭا، قاراڭغۇلۇق تىپ دەپ ئاتىلىدۇ، بىز بۇ يەردە ئېيتقان تىپ كىشىلىك خاراكتېر جەھەتتىكى بىر خىل ئاساسىي فورماتسىيىنى كۆرسىتىدۇ ياكى سۈپەت بىلەن ئېيتساق، بىز دەۋاتقان «تىپ» ئىنسانلار ئۈچۈن «تىپىك» بولغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلاردا ئاڭ ئاساسىدىكى كىشىلىك خاراكتېر ۋە ئۇنىڭغا ياندىشقان قاراڭغۇ ھەمراھ — قاراڭغۇلۇق يېتىلگەندە، ئۇ تىپىك ۋەكىل بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى قاراڭغۇلۇق بىر خىل تىپ، ئۇ دائىم ئەپسا-

نە، چۈچەك ۋە بۈيۈك ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىدۇ. روب لۇئىس ستېۋىنسىن يازغان «ئىككى يۈزلۈك ئادەم — دوكتور گېگ ۋە دوكتور خېيد» دېگەن ھېكايە كېيىنكىسىگە مەنسۇپ بولغان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

بالىنى قارشىلىق كۆرسەتتى دەپ جازالىماسلىق ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، تېز پۈتتۈرۈش ئاتا ـ ئانىلار بالىغا بېرىدىغان ئەڭ ياخشى جازا بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ئاياغلاشقان ھامان ھەممە ئىش تۈگەيدۇ. بالىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ھېسسىياتنى ئاشكارىلىماي تۇرۇپ چېچىلىپ كېتىش جەزمەن ئەڭ يامان جازالاش ئۇسۇلى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، بالا ئۆزىگە يەتكەن ئۈچۈردىن توغرا ئىش قىلمىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يامان خۇي ـ پەيلىگە جاۋابكار بولىدۇ، بۇنداق نەتىجە ئادەتتە جىنايەت تۇيغۇسىنى ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن قارشى-لىق كۆرسىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزى بالىلار بۇن-داق ئاتا ـ ئانىنىڭ رايىغا بېقىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسىغا ياقىدىغان ھەرىكەت ئەندىزىسىگە جىنىنىڭ بارىچە ماسلىشى-شى مۇمكىن، ھالبۇكى، بۇنداق ئەھۋال قاراشغۇلۇقنى تې-خىمۇ ئىلگىرىلەپ پارچىلاش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدىكى قا-راشغۇلۇققا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرماقچى بولىدىكەن، ئۆزىدىكى قاراشغۇلۇقنى قوبۇل قىلىشى ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشى كېرەك، ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ پاسسىپ ھېسسىياتنى قوبۇل قىلىشنىڭ خېلى قىيىن ئىكەنلىكىنى بايقىسا، بالىلىرىدىكى قاراشغۇلۇقنى ئىجابىي قوبۇل قىلىش

كۆچى بىلەن قوبۇل قىلىشتا قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار بولىدى-غانلىقىنىمۇ بايقايدۇ. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ يەردە ئېيتىلغان قوبۇل قىلىش ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش مەنىسىنى بەرمەيدۇ. ئاتا - ئانا ئۆز بالىسىنىڭ ھەممە ھەرىكىتىگە ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش، كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتسا، بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە بالىسىغا قىلچە پايدىسى يوق. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بەزى ھەرىكەت-لەر قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇڭا بالىلار بۇ ھەرىكەتلەرنى كونترول قىلىدىغان ئىچكى ئىقتىدارنى قانداق يېتىشتۈرۈش-نى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتكەن كەيپى-ياتتا بالىنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن قاشاڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارىمۇ بەك ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، بۇ بالىنىڭ ئۆزىدى-كى قاراشغۇلۇقنى چوڭ ئادەمگە ئوخشاش يېڭەلمەسلىكىگە سەۋەب بولىدۇ.

قاراشغۇلۇق مەسىلىسىنى ئىجابىي پوزىتسىيە بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىق ئېڭىنى ۋە ئۆزىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى، شۇنىڭ بى-لەن بىللە ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەيپى-ياتىنى كونترول قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئادەتتىكى ئا-ئىلە تۇرمۇشى ئاتا ياكى ئانا ئۈچۈن بىر قاتتىق سىناق، ئۇلار بۇ جەرياندا قاراشغۇلۇق مەسىلىسىنى ئۇچرىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى پاسسىپ كەيپىيات مۇقەررەر ھالدا ئاسماندىكى بېزەك يۇلتۇزلارغا ئوخشاش پات - پات جىمىرلاپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئاتا - ئانا بەزى چاغلاردا — بالا قىلىقسىزلىق قىلغاندا، زېرىكتۇرگەندە،

ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇشقا تۇسقۇنلۇق قىلى-
غاندا ياكى ئاتا ـ ئانىسىدىن كۆپ پۇل، ۋاقىت ۋە كۈچ
سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، بالىسىغا نىسبەتەن ھېسسى-
يات جەھەتتە مۇقەررەر ھالدا پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ.
كىشىلەر ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بوغۇشى بىلەن ئۆزىدىكى ئىچ-
كى ئىختىلاپلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بالىلارغا كۆيۈنۈش
بىلەن بىر دەملىك بىزار بولۇش بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپ
قېلىشى مۇمكىن؛ پۈتۈن كۈچىنى بالىلىرىغا ئاتايدىغان سە-
مىمىي ئارزۇ بىلەن قاتتىق خاپا بولۇش ۋە قارشىلىق كۆر-
سىتىش كەيپىياتى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولۇپ قېلى-
شى مۇمكىن. بىز بۇ تەجرىبىلەردىن بىزنى نېمە گاڭگىرات-
قانلىقىنى چۈشىنىمىز، ئۆز ـ ئۆزىمىز بىلەن بۇنداق تىر-
كىشىش بولسا پسىخىكىلىق ئاڭنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ
ئىچىگە كىشىلىك خاراكتېرىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ بۈيۈك
ئەھمىيىتى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. قاراڭغۇلۇق بىلەن بىۋاسى-
تە تىركىشىش ئۆزلۈك ئېڭىمىزنىڭ راۋاجى ئۈچۈن مۇتلەق
زۆرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى باب

# مۇناسىۋەتتىكى قاراڭغۇلۇق

## نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدە تېپچەكلىگەن قاراڭغۇلۇق

جىئېن بىلەن مەن ئالدىراپ - سالدىراپ نىكاھ مۇناسىۋىتىگە سەكرەپ چۈشتۇق. بىز بىر - بىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ ئون كۈن بولار - بولماي توي قىلىشنى قارار قىلدۇق. بۇ قارار بىزنى تىمىسقىلاپ يۈرۈشكە كېتىدىغان بىرمۇنچە ۋاقىتنى تېجەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بىر - بىرىمىزنىڭ ۋەدىسىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن خەققە ئوخشاش مەيلى مەجبۇرىي بولسۇن، ياكى ئىختىيارىي بولسۇن، قارشى تەرەپ ئالدىدا بارلىق ماھارىتىمىزنى جان - جەھلىمىز بىلەن ئىشقا سېلىپ ئولتۇرمىدۇق. تۇرمۇشنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا بۇ جەريان بەلكىم زۆرۈردۇر، ئەمما بىز بىرمۇنچە تەڭتۇشلىرىمىزغا ئوخشاش، بۇ تەرتىپنى تالاي قېتىم باشتىن ئۆتكۈزگەنىدۇق. بىز بۇ قېتىم سىناپ ئولتۇرماسلىقنى قارار قىلدۇق. توي مارشىنى كۈتەيلى!

توي قىلايلى!

بىز زادى سۆيگەنلىكىمىز ئۈچۈن قوشۇلامدۇق ياكى

•

هاياجانلانغانلىقىمىز ئۇچۇن قوشۇلامدۇق؟ بۇ ھەقىقەتەن ياخ-
شى سوئال! ئۆزئارا قوشۇلغاندىن كېيىنلا جاۋاب بەرگىلى
بولىدىغان سوئال. چۈنكى ۋەدە بولمىسا، مۇھەببەت بىر
تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ. زادىلا بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ!
براندىن مەن جىئېننى ئۇچرىتىشتىن ئالاھازەل توققۇز
يىل ئىلگىرى تۇغۇلغانىكەن، جىئېن تۇغقانلىرى ۋە دوستلى-
رىغا ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇشقا مۇنۇ كونا ناخشا تېكىستىنىڭ بىر
قىسمىنى قوشۇپ قويغان:

جېنىم، بىلىۋالدىم سېنى قانداق سۆيۈشنى
شۇڭا دەيمەن سېنى ئەمدى تاتلىقىم
شۇنداق دەپ ئاتايمەن سېنى ئەزىزىم

مۇھەببەت ئادەتتە مۇشۇ كونا ناخشا تېكىستىدىكىگە
ئوخشاش «شۇنداق» يۈز بېرىدۇ. مۇھەببەت گويا پەقەت
«ئىسمىنى ئاتاش» ئۈچۈن بولىسا كېرەك. ئەمما شۇنى ئىنى-
كار قىلىشقا بولمايدۇكى، «سۆيگۈگە ئېرىشىش» بولسا،
ئىسمىڭىزنىڭ ئاڭلاپ باقمىغان تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى بىلەن
چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىڭىزدۇر.
شۇڭا بىز تويىمىزغا تارقاتقان باغاقتا مۇنۇلارنى يازدى-
مىز:

كېلىنچىلار تېز
يالغان ئېيتمىدۇق بىز
تىترىمەكتە توختىماي ۋۇجۇدىمىز

شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، بىز پەقەت بىر قېتىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

«سوقۇشقان» ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئاۋۋال كۆزەينىكىمنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەن، مەن قول ياندۇرۇپ ئۇرا ـ ئۇرماي ئۇ تامغا سوقۇلۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىلىمىز پاسىكىنىلىقىمىز، خۇنۇكلۇكىمىز ۋە خاتالىقىمىزنى سەزگەن بولساقمۇ، لېكىن ئەمدى ئويلاپ باقسام جىك لۇئىي لۇئىسنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىنى چۈشەنمىگەنىكەنمىز. ئەگەر ئىككىمىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بوۋىسى ۋە مومىسى شۇ تاپتا ئىككىمىزنىڭ رەسۋاچىلىقىنى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ كۆرۈپ خىرىلداپ كۈلسە، قانچىلىك ئوسال بولاتتۇق ـ ھە! ئۇ ئىرلاندىيىلىكلەر نەسلىدىن ئىدى، مەن سىسىلىيىلىكلەر نەسلىدىن ئىدىم. ھەر ئىككىمىزنىڭ ئەنئەنىسى بىزگە ئەپۇ قىلىشنى ئۆگەتمىگەنىدى. ئەپۇ قىلىش كەچۈرۈشكە بولمايدىغان ئۆتمۇش بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇش دېمەكتۇر.

ئەپۇ قىلىش (Forgive) — «كەڭ قورساق بولۇش، باشقىلارنى كەچۈرۈش» دېگەن سۆزنى كۆرۈپ باقايلى. ئەپۇ قىلىش شۇنچىلىك گۈزەل سوۋغاتكى، ئۇ — دۇنياغا چەكسىز ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. خىرىستىئان دىنى ئەقىدىسىنىڭ ئەنئەنىسى ئۇنى سىلىق، پاسسىپ سۆزگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ؛ كىشىلەرنى بىر مەڭزىگە تاياق يېگەندە يەنە بىر مەڭزىنى تۇتۇپ بېرىپ، ھاقارەتكە چىداشقا دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، بۇ سۆزنىڭ پېئىل مەنىسىدىن ئۇ ۋەكىللىك قىلغان پاكىتنى قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكى مەلۇم نەرسىنى ئېلىش ۋە باشقا بىرىگە بېرىش دەپ چۈشەندۇرۇش مۇمكىن، شۇڭا شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇ نەرسە باشقىلارغا تەئەللۇق بولىدۇ. شۇڭلاشقا جەريان جەھەتتە ئۇ قىلچىمۇ پاسسىپلىق مەنىسىنى بەرمەي-

دۇ. ئۇ «ئالماشتۇرۇش» مەنىسىنى بېرىدۇ دەپ قارىغان تۇزۇك. ئۇ بىر خىل ئېتىقاد ئالماشتۇرۇش: يۇز بەرگەننى قايتا يۇز بەرگۇزمەسلىك، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۇش ئېتىقادىدۇر. ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ئۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ يېقىملىق ھەرىكىتىدىن بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەپۇ قىلىشنىڭ ئاساسي مەنىسى قايتا يۇز بەرمەسلىككە ۋەدە قىلىش، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۇشتىن ئىبارەت. بىز نىكاھ مۇناسىۋىتىدە ئەپۇ قىلىشنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۇزۇش پۇرسىتىگە تېزلا ئېرىشەلەيمىز. شۇ كەمگىچە بىزنىڭ پەقەت بىرمۇنچە ئەسكى ئورۇندۇقىمىز، پۇچۇق تەخسىمىز ۋە ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ماشىنىكىمىز بولغان. ئۇ تۇز كۆتۇرۇلىدىغان ئولىمپىيە ماركىلىق ماشىنىكا ئىدى، مەن ئۇنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىدە ئالغانىدىم. مەن مىڭ، جىمىن، براندىن قاتارلىق بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇمىدسىزلىكى قوشۇلسا، بۇ ئۇمىدسىزلىك كۇچىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن، ئۇنى ئەمدى يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋەتتىم. بىزنىڭ پۇتۇن بەدىنىمىز تىترىدى، تىترىدى، يەنە تىترىدى. سىز بەزىدە ئۆزىڭىزنىڭ ۋە قارشى تەرەپنىڭ قاتتىق پوستىنى چېقىپ تاشلىماقچى بولسىڭىز، تەخسە، ماشىنىكا ۋە ئۆي جاھازلىرىنى قايتا ـ قايتا چېقىپ تاشلىشىڭىز مۇمكىن.

ساختىپەز ئادەمنىڭ ئەڭ نەپرەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلار «مەن ھېچنېمە بولمىدىم، سىزمۇ ھېچنېمە بولمىدىڭىز» دېگەن سۆزنى دائىم ئېغىزدىن چۇشۇرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىڭىزدىكى ۋارقىراش ـ جارقىراش،

ئىشىكنى چېقىۋېتىش، ئۆي جاھازلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىش، قىزىل چىراغدىن تېز ئۆتۈپ كېتىش، شامالغا قارشى يۈگۈرۈش، ھەتتا ئىپلاس سۆزلەرنى قىلىش بىلەنلا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان ئەلەمگە سەل قارايدۇ. بەزىدە خىيالغا چۆكۈش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە سۆزلىشىش زادى كارغا كەلمەيدۇ. «ئۇ» بەزىدە نوقۇل «ئىش تامام» بولۇشقا ياكى توختىماي تىترەشكە موھتاج بولىدۇ. خاتا ئىنكاھ مۇناسىۋىتىدە ھەممە ئادەم قورقىدىغان بۇزۇلۇش ئىچكى تەرەپ بىلەن تاشقى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ تولۇق يوقالسۇن! ئۇ شامالدا ئۇچۇپ غايىب بولسۇن! بىز ئەتىگەندە يەنە نېمە قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئۇ «ئىنكاھنىڭ تەسەللىسى»، بۇ مەن بىرمۇنچە دەرسلىكلەردە كۆرگەن پەند - نەسىھەت، ئەمما مەن ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن چۈشىنەلمىدىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇزۇلغان نەرسىلەردىن نېمىنىڭ بۇزۇلمايدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئىنكاھنىڭ تەنھا ياشىغاندىكىگە ئوخشاش بىر - بىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بولۇپمۇ كىشىلەر بىر - بىرىنى چۈشەنمىگەن تەرەپلىرىنى تەڭ كۆتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۆز - ئۆزىنىڭ چۈشەنمىگەن تەرەپلىرىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىملىقىنى بايقىدىم.

ئەمما سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئۆزىمىز بىلگەن نەرسىلەرنى تەڭ ئۈستىمىزگە ئالغانلىقىمىز تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

مەن كۆرمىگىلىغان جىئېن، براندىن ۋە مىكلار جايلاشقان، نۇر چېقىپ تۇرغان ئۆڭكۈرنى، يەنى لوس ئانگېلېستىكى سېنت مۇنىكا كوچىسىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى كونا

ياغاچ ياتاق بىناسىنى تىلغا ئالدىمۇ، يوق؟ تۇرمۇش ئۇنداق ئاددىي بولمايدۇ ـ دە! بىز ئېيتقان غەزىپى قايناپ تاشقان «ياۋۇز» لارنى، سىلىق سۆز بىلەن ئېيتقاندا «ئۆتمۈش» نى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ھېچقانداق نەرسە ئۆتمۈشـ نى ئابستراكتلاشتۇرۇپ قويالمايدۇ. سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزـ دا بەلگە بولۇپ قالغان نەرسە يەنىلا توختىماستىن بەلگە بېرىپ تۇرىدۇ. خۇددى مۇھەببەت چەكسىز بولغاندەك، كۆڭلىمىزنىڭ مەلۇم يېرىدىكى جاراھەتمۇ مەڭگۈ ساقايماي ـ دۇ. گەرچە بىز ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىلا بىلىپ، ئۇ توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا چۇـ شىمىزگە كىرىدۇ، كۈندۈزدىمۇ قايتا ـ قايتا ۋەسۋەسىگە سالىدۇ. نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدە ئۇنىڭغا قىساس ئېلىش ھەمراھ بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلار قانخور، يېرىم بۇلاڭچى، نىمجان، قىپيالىڭاچ ۋە بۇرمىلانغان بولىدۇ، ئانام كىيىم ئىشكاپىم (كىشىلىك خاـ راكتېرگە مىسال قىلىنغان) غا بىر ئىلغۇچ (قاراڭغۇلۇققا مىسال قىلىنغان) ئېسىپ قويغان. مەن بەزى چاغدا ئۇ ئىلغۇچنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈم، ئىككىلىمىز قانغا بويالغۇچە، ھەممە نەرسە تىرىپىرەن بولۇپ كەتكۈچە چانىشىم كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى جىنئېپنى دەۋر قىلىدۇ، سان ـ ساناقسىز جىنئېپلار بار؛ بىرمۇنچە براندىنلارمۇ بار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېگىزلىككە قاراپ ئۇچقاندەك چاپىمەن، ياﺋاللا! مەن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدىم.

ئۇ مېنى چىرمىۋالغان بىرمۇنچە ۋەھىمىلەرنىڭ بىرى.

ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ۋەھىمىگە تولغان. ئەگەر سىز كۆڭلىڭىزدىكى ۋەھىمىنى نىكاھىنىڭ ياردىمى بىلەن قوغلىـ

www.uyghurkitap.com

ماقچى بولسىڭىز، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدىغان ئىشىڭىز ئەمەلىيەتتە كۆڭلىڭىزدىكى ۋەھىمىنى باشقا بىرىنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارغا بولغان ۋەھىمەڭلەر نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، سىزنىڭ يۈز - كۆزىڭىز قانغا بويىلىدۇ، سىز ئۇنى مۇھەببەت دەپ ئاتايسىز.

مېنىڭ كىيىم ئىشكاپىم ئىلغۇچلار بىلەن تولغان، ئۇنىڭدىن ۋەھىمە چىقىپ تۇرىدۇ، ھالبۇكى، مەنمۇ ئۇلارنى، يەنى ئىلغۇچلىرىمنى چوڭقۇر سۆيىمەن. ئۇلارنىڭمۇ مېنى سۆيىدىغانلىقى ھەمدە ھەر ۋاقىت مېنى كۈتۈپ ئۇ يەردە ئېسىقلىق تۇرىدىغانلىقى ماڭا مەلۇم. چۈنكى ئۇلار ماڭا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى مېنىڭ يېنىمدا تۇرىدۇ، ئۇلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە مېنىڭ ۋەھىمەمگە ئايلىنىپ، مېنى كۈچىيىش ۋە ھايات قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بىزنىڭ يېڭى «بېشارەت خاراكتېرلىك» سۆز- ئىبارىلىرىمىزدە، ئادەمنىڭ بۇنداق ئىشكاپ يوق ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشى يەنىلا مۇمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كۆرسەتمىلەر بەك كۆپ. سىز ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشىڭىز ۋە ھەممە ياخشى ئىكەن دەپ ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يىراقتىن كەلگەن چىرقىراش ئاۋازىنى ئاڭلايسىز، غەلىتە پۇراقنى پۇرايسىز، مۇشۇ چاغدا ئۇ كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا سېزىسىز. ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇ ھەرھالدا تامغا مىخلاپ قويۇلغان. لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز بۇ ئىشكاپنى كۈچەپ ئاچماقچى بولغاندا، ئالدىڭىزدا ئىشىك ئەمەس، بەلكى خىش تۇرغانلىقىنى

بايقايسىز.

بىزنىڭ يانتۇ يول بويىغا جايلاشقان ياتاق بىناسىدىكى ئۆگكۈرىمىزدە بىر كىيىم ئىشكاپى بار، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئىلغۇچلار قاتار ئېسىلغان. ئۇلار مېنىڭ، جىئېنىنىڭ ۋە برودىگىنىڭ ئىلغۇچلىرى، سىز بىزنىڭ قىسقىغىنە ئۇن بىر يىلدا شۇنچە كۆپ ئىلغۇچ يىغقانلىقىمىزنى بايقايسىز — ئەلۋەتتە، ئۇلار ھەر خىل گۈزەل ۋە ئېچىنىشلىق سەۋەبلەر ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

نىكاھنىڭ نىكاھ ئىكەنلىكى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، بۇ بىرلەشمە جەڭلەر مەجبۇرىي ياكى تاسادىپىي يۈز بەرمەستىن، بىر - بىرىمىزنىڭ ئىچكى تىرىشچانلىقى بىلەن يۈز بېرىدۇ. مەن بىرلەشمە جەڭدە ھەمراھ بولغان خىلمۇ خىل ئۆزلۈك ۋە يالماۋۇزلارنى ئەتەي ئورۇنلاشتۇرۇلغان دېمەكچى ئەمەس (گەرچە ئۇلار بەزىدە ئائىلىق چاقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس)؛ مەن بۇ باسقۇچتىكى پائالىيەتنى ئىزدىنىش پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش، يەنى ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەنە بىر يېرىمىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قاراش مۇمكىن دېمەكچىمەن.

نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن كۈتىدىغان نەرسە بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كۈتىدىغان نەرسە ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق ئاساسىي پەرق بار؟ مېنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتىكى تەجرىبەمدىن قارىغاندا، ئەر - ئايال ئازدۇر- كۆپتۇر ھاياجان ئاستىدا، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە مۇزىكىلىق ئورۇندۇق تالىشىش ئويۇنى (ئىزاھات: مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئورۇندۇق ئەتىراپىدا چۆرگىلەيدىغان، مۇزىكا توختاش بىلەنلا ئورۇندۇقتا

تالىشىپ ئولتۇرىدىغان بىر خىل ئويۇن) ئوينايدۇ. شۇنداق قىلىپ، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرىدىغان كىچىك لۇكچەك بول- غان مەن تۆۋەن دەرىجىلىك مەيخانىدىكى ئۇسسۇلچى بولغان سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن سىزنىڭ ماكانسىز قال- غان سەرگەردان بالىڭىز، سىز بولسىڭىز مېنىڭ مېھرىبان ئانام، مەن ئېزىپ قالغان دادا، سىز بولسىڭىز مېنىڭ ئەركە قىزىم. مەن سىزگە چوقۇنغۇچى، سىز بولسىڭىز مېنىڭ ئىلاھەم. مەن سىزنىڭ خۇدايىڭىز، سىز بولسىڭىز مېنىڭ ئايال كاھىنىم. مەن سىزنىڭ بىمارىڭىز، سىز بولسىڭىز مېنىڭ روھىي ئانالىزچىم. مەن سىزنىڭ يەر تەۋرەشتىن ساقلىغۇچى ئەسۋابىڭىز، سىز بولسىڭىز مېنىڭ ئۇلۇم. بۇلار مۇشۇ تىپتىكى تولىمۇ مۇبالىغە قىلىنغان، بەك بىزەل- گەن مىسال. بۇ شۇنداقلا ئەرنىڭ ئىچكى مىجەزى بىلەن ئايالنىڭ ئىچكى خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدا ھەرە تارتىش ئۇرۇ- شى بولغاندا ئاڭلانغان مۇزىكا.

يات جىنسلىق ئىككى تەرەپنىڭ ئىچكى تىپى ئۆزىنى بىلىپ يۈرگەندە بۇنداق ئەھۋال ئوبدان ساقلىنىدۇ. لېكىن، ئالاھىدە بىر كېچىدە، ئەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئوغۇل بالا (تىپ) ئۆز كۆڭلىدىكى ئانا (تىپ) نى ئىزدىگەندە، چۈشلىرى ئۆت- كۈر بىر ئاناتومىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئاناتومىيە قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ئايالنىڭ كۆڭلىدىكى قىزچاق (تىپ) كۆڭلىدىكى دادىسى (تىپ) غا موھتاج بولغاندا، ئۇ- نىڭ ئەمەلىيەتتە ئىلاھە بىلەن بىر يوتقاندا يېتىشنى ئۈمىد قىلىدىغان كۈپپار ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقى- رى، بىر قاۋۇل ئەر بىر ئايالغا كۆيۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئۇ ئايالدىن ئانا (تىپ) نىڭ تەسەللىسىگە

ئىگە بولۇشنى مەخپىي ئۈمىد قىلىدۇ؛ بىر ئەرنىڭ ئۆزلۈكى ئىچكى جەھەتتە بىر ئوغۇل بالا (تىپ) نىڭ روھىي ھالىتىدە تۇرغاندا، ئۇنىڭ بىرنىمىسى قوپمىغان ياكى ھەش ـ پەش دېگۈچە يۇمشاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ؛ ياكى ئاياللارنىڭ بۇ ئىشقا زادىلا مەيلى بولمىسا، ئەرلەر ئانانىزم قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ؛ ئەمەلىيەتتە ئەرنىڭ كۆڭ- لىدىكى شۇ ئوغۇل بالا (تىپ) نىڭ روھىغا نىسبەتەن ئېيتقان- دا، ھەقىقىي ئايال پەقەت سەپلىمىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئاياللار ئۇنىڭ بىلەن نىگان ـ نىگاندا بىللە يېتىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە، بۇ پەقەت ئۇنىڭدىكى ئانانىزمنىڭ داۋامى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن قارشى تەرەپ ئىچىدە ھەممە ئىش تولىمۇ پەيزى بولغاندەك قىلىدى، لېكىن مەن بۇ ئىشقا شېرىك بولغاندەك ھېسسىياتقا كەلمىدىم ياكى ئۇ نېمىشقا ئىش پۈتكەن ھامان دەرھال ئۆرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كې- تىدىغاندۇر، دەپ تېڭىرقاپ قالىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئائىلۇق، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسىد- غا ئۆز مەيلىچە باسقۇنچىلىق قىلسا، روھىي ئانالىزچى بىد- مارغا خالىغانچە باسقۇنچىلىق قىلسا ۋە ئەر ـ ئايال كارىۋاتتا قارشى تەرەپنى ئاسماندا نۇر چېچىپ تۇرغان ئىلاھ ياكى ئىلاھە دەپ قارىسا، روھنىڭ ئۆزى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سۇبىستانسىيە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزئارا كۈچ سىنىشىدىغان بۇ تىپلارنىڭ بىرەرىمۇ ئۆزاققىچە ئۆزگەرمەي تۇرۇۋەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىپلارنىڭ ماسلىشىشىدا تېز- دىن خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ، ھەتتا ئۇنى تۇزەش ئۈچۈن بىرقانچە يىلغا سوزۇلغان توقۇنۇش ۋە ئاپەت يۈز بېرىشى مۇمكىن (ئەمەلىيەتتە، ئەگەر ئۇنى بىرقانچە يىلدا تۈزىگىلى

بولسا، ئەرزىيدىغان ئىش بولىدۇ) ، تېخىمۇ بەتتەر ئەھۋال شۇكى، بۇ ئاپەت كۆچ ـ قۇۋۋەتنى قۇرۇتۇۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، بۇ ئايلىنىشتا باشقا جىنىستىكى يەنە بىرى ئىزدەپ تېپىلىدۇ، ئوخشاش تەرتىپ قايتىدىن باشلىنىدۇ.

مېنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى تەجرىبەمدە يۇقىرىقى ئەندىزە كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىۋاستە سېزىم ياكى ئاڭ ئاساسىدا، ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىمىزنىڭ تېپىدىنى قوغلىشىش مۇناسىۋىتىگە، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئۇلار (بىر ـ بىرىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇقى) نى قوچاقلاش، ئۇلارنى ئازدۇرۇش، ئۇلارنى ئالداش، ئۇلارنىڭ زاھىر بولۇشىنى كۈتۈشكە، ئۇلارنى سۆھبەتلىشىشكە ئۈندەشكە، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن تىكلىنىشىگە، ئۇلارغا باسقۇنچىلىق قىلىشقا، ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسمىنى ياخشى كۆرۈپ، قالغان قىسمىدىن نەپرەتلىنىشكە، ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسمىنى دوست تۇتۇشقا، ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسمىنى چۈشىنىپ، مەلۇم قىسمىنى كېيىم ئىشكاپىغا ئېسىپ قويۇشقا ئايلىنىپ قالدى. ئىلگىرىچە دادىمىزنىڭ، ئانىمىزنىڭ، ھەدە ـ سىڭلىمىزنىڭ، ئاكا ـ ئۇكىمىزنىڭ نەرسىلىرى، بىز ياقتۇرىدىغان، مەبۇد دەپ بىلىدىغان نەرسىلەر، ھەتتا ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشقا ئائىت نەرسىلەر ۋە بەزىدە تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ دىلىدا كېلىپ چىقىدىغان «ھەقىقىي ئويدۇرما ئاڭ» ئېسىپ قويۇلدى. ئەمما بىز مۇشۇنداق كۈچنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مىڭ يىللار ئىلگىرىكى، ھەتتا باشقا دۇنيادىكى ھاياتلىق بىلەن بولغان باغلىنىشنى ھېس قىلىمىز.

بىزنىڭ نىكاھ ئارقىلىق قارشى تەرەپ بىلەن قوشۇلۇش

مۇناسىۋىتىمىز ئەنە شۇ. بۇ جەريان بىز تىرىكچىلىك قىلىش ئۇچۇن تىرىشقاندا، تىياتىرخانىغا كىرگەندە، كىنو كۆرگەندە، كېسەل كۆرسەتكەندە، تىك يار بويىدا تۇرغاندا، ماشىنا ھەيدەپ باشقا جايغا ماڭغاندا، سايلامدا ئاۋاز بەرگەندە، ھاراقنى تاشلاشقا تەمشەلگەندە، ھەتتا ماروژنىنى بەك كۆپ يېگەندە يۈز بېرىدۇ.

## قېرىندىشىم ۋە مەن

ئۆزۈم يالغۇز قالغان بىر كېچىدە خىيالىم سيۇرىختا ئانو بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتقا قايتتى. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا تىپ ئىلمى ھەققىدە ئۆگىنىۋالغان بىلىمىم ئانالىتىك پسىخولوگىيە ئۇستازى جۇنگېنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆگىنىۋالغانلىرىم بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك كۆپ بولدى.

ئانونىڭ بىۋاسىتە سېزىش ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى. ئۇ كەلگەندە كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا باردىم. بۇ مەن كۈتۈۋاتقان ئۈچىنچى نۆۋەتچى پويىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە، ئۇ خېتىدە ئەزەلدىن ئېنىق بىر نەرسە دېمەيتتى. مېنىڭ ئۇسلۇبۇم بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسى ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا: «يېزىدا بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ قويدۇم» دېدىم ـ دە، ئۇنىڭ يۈك ـ تاقىسىنى كۆتۈردۈم. ئۇ چامادانىنىڭ قۇلۇپى بۇزۇلغان، تاسمىسىمۇ چۈشۈپ قالغانكەن. ئۇنىڭ ئاستىدىكى بىر تال چاقمۇ يوق ئىدى. «شەھەردىن پويىزغا چۈشسەك ئون ئىككى مىنۇت ئوتتۇز سېكۇنتتىلا يېتىپ بارىمىز. ئۇ ئۆينىڭ ياغاچتىن ياسالغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com

يېشىل قوش دېرىزىسى ۋە دۈگىلەك گۈل چۈشۈرۈلگەن تام قەغىزى بار. ئۆي ئىگىسى ئوڭلۇق بىر موماي، ئۆينى ئۆزدىن ياقتۇرىدىغان ئۇسۇل بىلەن سەرەمجانلاشتۇرساق بولىدۇ» دېدىم مەن.

ئانو «بەك ياخشى ئىكەن» دېدى ـ دە، بېشىنى گېزىت بىلەن ياپتى. يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىۋاتاتتى. ئۇنىڭ باش كىيىمى يوق ئىدى، يامغۇرلۇق كىيىمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. خۇددا ھەققى، ئۇ باسماق كەش كىيىۋالغانىدى. بىز ئۇنىڭ ساندۇقىنى تاپالمىدۇق، چۈنكى ئۇ ئۇنى لۇسېرنغا سېلىۋەتكەنىكەن.

«مەيلى سيۇرىخ بولسۇن، ياكى لۇسېرن بولسۇن، — دېدى ئۇ پەلسەپىۋى مەنىدە، — مەن ئۈچۈن ئوخشاشلا شۋېتسارىيە.»

باشتا ھەممە ئىش گويا قىزىق تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇ چاغدا قارشى تەرەپنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم. ئۇنىڭغا نېمىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق ... ھەي، مۇشۇنداق باشقىچە ئادەمگە يېقىن يولاپ باقمىغانىدىم.

ۋاقىتنىڭ ئانو ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئۇ پويىزنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، كۆرۈشىدىغان ۋاقىتنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئۇ دەرسكە ھەمىشە كېچىكىپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرسخانىنى توغرا تاپقان تەقدىردىمۇ قەغەز ـ قەلەم ئالماي كېلەتتى. ئۇنىڭ يانچۇقى بەزىدە تومپىيىپ كەتسە، بەزىدە بىر تىيىنىمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭدا خامچوت ئۇقۇمى يوق ئىدى. ئۇ شەرق بىلەن غەربنىمۇ ئايرىيالمايتتى، سىرتقا چىققاندا دائىم ئېزىپ قالاتتى. بەزىدە بۇنداق ئەھۋال ھەتتا ئۆي ئىچىدىمۇ يۈز بېرەتتى.

«سىز گە قارىغۇنى باشلاپ ماڭىدىغان بىر ئىت كېرەك» دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

«سىز بولسىڭىز لا ئۇنى ئىشلەتمەيمەن» دېدى ئۇ چىشىنى چىقىرىپ كۈلۈپ.

ئۇ ئۇچاقتىكى ئوتنى كېچىچە يېقىپ قوياتتى، چىراغ ئۆچۈرۈشنى زادىلا يادىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئاسمانغا تىكىلىپ قاراپ قالسا، چۈگۈننى تاشتۇرۇۋېتىپلا قالماي، بەلكى گۈشنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتەتتى. ئاشخانىدا دائىم بولكىنىڭ كۆيۈك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ دائىم ئاچقۇچى، پورتمىنى، دەرس خاتىرىسى، ھەتتا پاسپورتىنى يىتتۈرۈپ قوياتتى. ئۇ ئەزەلدىن پاكىز كۆڭلەك كىيمەيتتى. كونا خۇرۇم چاپىنى، كېلەڭسىز پادىچى شىمى ۋە بىر - بىرىگە پۇتلۇنەي ئوخشاشمايدىغان پايپىقىنى كىيدۈۋالسا بەئەينى كەسپى يوق سەرگەردانغا ئوخشاپ قالاتتى.

ئۇنىڭ ئۆيى ھامان خۇددى قارا قۇيۇن ۋەيران قىلىۋەتكەندەك مالىماتاڭ ئىدى.

مەن: «سىزنى كۆرسەملا ساراڭ بولۇپ قالاي دەيمەن» دەپ پىچىرلىدىم ـ دە، ئەينەككە قاراپ گالىستۇكۇمنى تۈزەشتۈردۈم.

مەن سىرتقا چىققاندا رەتلىك كىيىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم، چۈنكى بۇنداق قىلىش ماڭا كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى. مەن ھەربىر نەرسىنىڭ جايىنى ئېنىق بىلەتتىم. پارتام رەتلىك ئىدى، ئۆيۈممۇ ھەمىشە پاكىز تۇراتتى. سىرتقا چىقىشتىن ئىلگىرى چىراغنى ئۆچۈرمەي قالمايتتىم، شۇنىڭدەك يۈنىلىش سېزىمىم ئىنتايىن ياخشى ئىدى. مەن ھېچقانداق نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويمايتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەزەلدىن تارتىپ ۋاقىتقا رىئايە قىلاتتىم. مەن تاماق ئېتىشى-نىمۇ، كىيىم ياماشنىمۇ بىلەتتىم. يانچۇقۇمدىكى پۇلنىڭ ئېنىق سانىنى بىلەتتىم. ھېچقانداق ئىش مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، چۈنكى ھەممە تەپسىلاتلارنى بىلەتتىم.

مەن: «سىز زادىلا چىن دۇنيادا ياشاۋاتمايسىز» دېدىم. بۇ چاغدا ئانو تۇخۇم پىشۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ قەھرىماندىنىڭ ساياھەتتى ئىدى. ئۇ تاۋىنى مىلىڭ تەسلىكتە تاپتى، لېكىن ئۇنى باب كەلمەيدىغان ئوچاققا ئاستى.

«چۈشەنگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى چىنلىق، — دېدى ئۇ خېلى ھەسرەت چېكىپ ۋە، — ۋايجان! ئۆلگۈر!» دەپ قارغىدى. ئۇ قولىنى يەنە كۆيدۈرۈۋالغانىدى.

مەن ئانونى ھەقىقەتەن چۈشىنەلمىدىم. لېكىن مەن ئۇنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئوچۇق مىجەز تەبىئىتى، تەبىئىي ۋە جۇشقۇن ھېسسىياتى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە تۇتىدىغان ئىشەنچىسىنى ياقتۇراتتىم. ئۇ ھەر قېتىملىق يىغىلىشتىكى مەركىزىي شەخس ئىدى. يېڭى مۇھىتقا ئاسانلا ماسلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تەۋەككۇلچىلىك روھى مېنىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق ئىدى. قەيەرگىلا بارساق، ئۇ دوست تۇتالايتتى ۋە كېيىنرەك ئۇلارنى ئۆيگە ئەكېلەتتى. ئۇ ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل سېھرىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. مەن ھەر قېتىم كونا قائىدە - يوسۇنغا ئېسىلىۋالغان، كونا قېلىپقا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇ ھامان ۋاقتىدا تەكلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىجادىي كۈچكە ئىنتايىن باي ئىدى؛ كۆڭلىدە بىر-مۇنچە پىلان ۋە يېڭى قاراشلار قايناپ تۇراتتى. گويا ئالتىنچى سەزگۈسى باردەك، ئۇنىڭ ئالدىن سەزگەنلىرى كۆپىنچە

توغرا بولۇپ چىقاتتى. مەن بولسام ئادەتتىكى كىشىلەر دائى-
رىسىدە چەكلىنىپ قالاتتىم. مېنىڭ نەزەر دائىرەممۇ دەھ-
رىي ئىدى، مەن بىر ەر «ئىش» ياكى بىر ەر «ئادەم» نى
كۆرسەم، ئانو ئۇلارنىڭ روھىنى كۆرۈۋالاتتى.
لېكىن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا دائىم ھەر خىل مەسىلە-
لەر پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ئۇ مەلۇم ئىشنى قىلماقچى ئىكەن-
لىكىنى بىلدۇرگەندە، مەن ھامان ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى
بويىچە چۈشەندۈرەتتىم. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىللىق
بىلەن دېگەنلىكىگە، ئۆزى ئېيتقان مەزمۇن بويىچە ھەرىكەت
قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ كېلىشكەن جايغا ۋەدىسى
بويىچە كېلىپ كۆرۈشمىگەندە كىشىنى بەك تىت - تىت
قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنداق ئىش دائىم يۈز بېرىپ
تۇراتتى.
«ئاڭلاڭ، — دەيتتىم مەن، — سىزنى كېلىدۇ دەپ
ئويلىغانىدىم. بىلەتتىمۇ ئېلىپ قويغانىدىم. لېكىن سىز
نەگە كەتتىڭىز؟»
«مەن يېرىم يولدا توسۇلۇپ قالدىم، — دەيتتى ئۇ
ئۆزىنى ئاقلاپ چۈشەندۈرۈپ، — باشقا ئەھۋال يۈز بەرگەچكە
ئامال بولماي قالدى.»
«سىزنىڭ ھەقىقەتەن تىكىچىڭىز توختىمايدىكەن،
سىزگە زادىلا ئىشىنەلمەيمەن. سىز يۈزەكى ئادەم بولۇپلا
قالماي، بەلكى ئازراق ئېلىشىپ قالغاندەك تۇرىسىز. نېمە
ئۈچۈن سىزدە كۆزقاراش دېگەندىن قىلچە ئەسەر يوق؟»
ئانو ئەلۋەتتە بۇنداق دەپ قارىمايتتى.
ئۇ «مەن پەقەت مۇمكىنچىلىكنىلا كۆرسەتتىم» دەيتتى.
بۇ مېنىڭ ئۇنى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدىڭىز ياكى ئاز دې-

گەندىمۇ ماڭا خاتا يول كۆرسەتتىڭىز، دەپ ئوننچى قېتىم ئەيىبلىشىم بولۇشى مۇمكىن. «بەزى ئىشلارنى تىلغا ئېلىش-تىن ئىلگىرى، ئۇلار مەن ئۈچۈن چىن ئەمەس، لېكىن مەن ئۇلارنى ئىپادىلىگەندە، ئۇلار ئۆز شەكلىنى ئاللىقاچان ئۆز-گەرتكەن بولىدۇ. ئەمما مەن ئەمەل قىلىشقا بىدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەيمەن. چۈنكى مەن تېخىمۇ ياخشى ئەھۋالنى ئۇچرات-قان بولۇشۇم مۇمكىن. مەن ئېيتقان سۆزلىرىم بىلەن ئۆ-زۈمنى چۈشەپ قويمايمەن. ئەگەر سىز لۇغەت مەنىسى بويىچە چۈشەنسىڭىز، ياردەم قىلاي دېسەممۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دەيتتى ئۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىۋاسىتە سېزىم كاللامدا خۇد-دى قۇشلارغا ئوخشاش پەرۋاز قىلىدۇ. ئۇلار كېلىدۇيۇ، يەنە كېتىدۇ. مەن ئۇلار بىلەن بىللە كەتمەيمەن، ئۇلارنى ئۆزۈم-مۇ مەڭگۈ چۈشەنمەيمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇچقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ماڭا ۋاقىت كېرەك.»

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرغاندىن كېيىن ئو-چاق بېشىدىكى چۆگۈننىڭ قايناپ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆردۈم. بۇ چاغدا ئانو كارىۋاتتىن زورۇقۇپ ئاران چۈشۈپ، كۆزەينىكىنى ئىزدەۋاتاتتى.

— بىرىتۋايىمنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ توۋلىدى ئۇ.

— يائاللا! — دەپ ھۆركىرىدىم مەن، — سىز بىر كۈنى ئۆيىنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز كۆلگە ئايلىنىپ كېتىمىز. كىشىلەر «ئىسىت!» دەپ ھەس-رەت چېكىپ، ئېشىپ قالغان كۆلىمىزنى شىشىگە قاچىلاپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. كىشىلەر يەنە: «ئۇلار ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇدەك يوشۇرۇن

كۆچكە ئىگە ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بىرى كالۋا ئىدى!» دەيدۇ.
مەن چۆگۈننى تالاغا تاشلىۋەتكەندە، ئانو پۇتىنى سۆرەپ ئاشخانىغا كىردى.
— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ، — تۈنۈگۈن ئاخشام كەچلىك تاماق تەييارلاپ سىنىشيانى كۈتۈۋالغانىدىڭىزغۇ؟ مەن ئۇ چاغدا ئۆيدە يوق ئىدىم!
بۇ گەپ راست ئىدى. بىردىنلا يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى. شارىم تېشىلىپ كەتتى. مەن ئۆزۈم ئۇققان پاكىتنى مۇبالىغە قىلىۋېتىپتىمەن.
— كەچۈرۈڭ! — دىدىم مەن ئەيمىنىپ، — ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ.
ئانو خۇش بولۇپ چاۋاك چالدى ۋە ئاشخانىدا ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. ئۇ «ئىنسانلار توپىغا قوشۇلۇڭ!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش، بۇ سۆزنى ئىزاھلاپ بېرەلمەيتتى.
مەن ئانونىڭ دەل ئۆزۈمدىكى قاراڭغۇلۇق ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىمۇ چۈشەنمىگەنىدىم. بۇ كۈتۈلمىگەن يېڭى ۋەقە ئىدى. ئۇ بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، چۈنكى بىز ھېسسىياتىمىزنىڭ زادىلا ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغانىدۇق. لېكىن ۋەقە يۈز بەردى، ئۇ مېنى گۈلدۈرماما ـ چاقماققا ئوخشاش لەرزىگە سالدى. مەن ئانوغا ھەممىنى ئەينەن ئېيتىپ بەردىم.
— كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ! — دېدى ئۇ، — سىزمۇ مەندىكى قاراڭغۇلۇق! مېنى دائىم غەزەپلەندۈرۈشىڭىز، ئالدىتىپ قويۇشىڭىزدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ.

بىز قۇچاقلاشتۇق. «ئۇ كۇتۇلمىگەن ۋەقە ھەقىقەتەن ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى قۇتقۇزۇپ قالدى» دەپ ئويلىدىم.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرى بولغان ئىش. شۇ ئارىدا ئانونى خېلى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم.

ئۇمۇ مېنى خېلى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى شەرق بىلەن غەربنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولدى، ھەتتا بىگىز ئىشلىتىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئۇ ھىلىمۇ تەپسىلاتلارغا دىققەت قىلىشتا مەندىن كۆپ سەزگۈر. ئۇ ئۆزى يالغۇز ياشايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر چىرايلىق گۈللۈكى بار. ئۇ گۈللۈكتىكى ھەممە گۈللەرنىڭ لاتىنچە نامىنى بىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنمۇ كەچلىك زىياپەتلەرگە قاتنىشىشقا، يەنە كېلىپ بەزىدە قاۋاقخانىغا بېرىپ، تاڭ ئاتقۇچە ھاراق ئىچىپ تاماشا قىلىشقا باشلىدىم. ئۆزۈمنىڭ مۇھىم ھۆججەتنى ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقىمنى بايقىدىم. مەنمۇ ئىسىم ياكى تېلېفون نومۇرىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن. ناتونۇش شەھەردە مەنمۇ ئاسانلا ئادىشىپ قالىدىكەنمەن. ئالدىمدا بىر تالاي ئىش دۆۋىلىنىپ تۇرغاندا مۇمكىنچىلىكى بولغان باشقا ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىدىكەنمەن. ئۆي تازىلاپ بېرىدىغان ئايالنى ياللىمىسام، تېزلىكتە مەينەتچىلىك ۋە مالىمانچىلىققا چۆكۈپ قالىدىكەنمەن.

بۇنداق تەرەققىيات ئۆزىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى چۈشەنگەن ۋە ئۇنى تۇرمۇشىڭىزغا كىرگۈزگەندىن كېيىن كېلىپ چىققان كۇتۇلمىگەن نەتىجە. بۇنداق ئۆزگىرىش جەريانى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇنى توختاتقىلى بولمايدۇ. سىز ئەسلىي ھالىتىڭىزگە قايتالمايسىز، لېكىن ئەگەرى ـ توقاي يوللاردا يۇرۇپ تارتقان زىيانلىرىڭىزنىڭ ئورنىنى تورمۇزلانمىغان ئىقتىدارىڭىز ۋە ھېسسىياتىڭىزدىن تولدۇرۇۋالىسىز. سىز

ئىلگىرىكى بەزى خاراكتېرلىرىڭىزنى يوقاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن سىزدە ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان بىر قاتلام كۆپىيىدۇ. ئىلگىرى بىرلا يۆنىلىشكە مايىل بولغان بولسىڭىز، ئەمدى تەڭپۇڭلۇققا ئىگە بولىسىز. سىز خاراكتېرى ئۆزىڭىزگە ئوخشاشمايدىغان كىشىلەرنى قانداق تونۇشنى ئۆگىنىۋېلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىڭىزگىمۇ يېڭى پوزىتسىيە تۇتىسىز.

مەن ئانو بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىمەن. بىز يەنىلا قاراڭغۇلۇقتىكى ئاكا - ئۇكا، پەقەت هازىر ئەھۋال ئازراق ئۆزگەردى، خالاس.

مەن دائىم ئۇنىڭغا يېقىندا نېمە ئۈچۈن يولسىزلىق قىلغانلىقىمنى دەپ بېرىمەن. ئۇ ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى چايقايدۇ. «ئۆلگۈر سەرگەردان» دەپ مۇرەمگە ئۇرۇپ قويىدۇ.

ئانو بولسا جىمجىت كەچقۇرۇندا تام مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ دوستلىرى بىلەن پاراڭ سېلىشقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئەمدى جاي - جايلارغا ساياھەتكە بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ئەر، بۇ ئالاھىدە دوت، مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىلگىرى ھە دېسىلا تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرىدىغان ئادەم. مەن ئۇنى «سىز ئەمدى ئاددىي ۋە مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ئادەم بولۇپ قالدىڭىز» دەپ تەنقىد قىلىپ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويىمەن.

## ئانا بىلەن قىز مۇناسىۋىتىدىكى قاراڭغۇلۇق

ئانا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەك كەلتۈرۈپ چىقارغان قاراڭغۇلۇق، بىز بۇ بۆلۈمدە توختالماقچى بولغان

تىما. ئانا ئەگەر ئۆزىنىڭ قىزىدىن قىزغىنسا، ئۇنىڭ بارلىقىغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلسا ۋە قىزىم ئىگە بولغان ھەممە نەرسە ئۆزۈمنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن دەپ ھېس قىلسا، بۇ قىزىغا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشكە تەشنا بولۇپ كەلگەن ئانا ئۈچۈن نەقەدەر رەھىمسىز ۋە قورقۇنچلۇق مەسخىرە - ھە!

مەن ئانا سۈپىتىدە ئۆزۈم ئويلىنىپ، بۇ ئاياللارنى ئاز - تولا چۈشەندىم. مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزۈمنى ئېتىراپ قىلىش قىيىن بولغان تۇرمۇشتىكى سىرلىق ئۆتكەللەردىن بۇ ئىشلارنى كۆزىتىشكە رىغبەتلەندۈردۈم. چۈنكى مەن مەسلىھەت بېرىپ داۋالاش بۆلۈمىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرىتىدىغان ئانا بىلەن قىزنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى ئانىلارنىڭ ئۆز قىزلىرى ئىگە بولغان پۇرسەتتىن كۈچلۈك قىزغىنىشى ئىدى. بۇ بىر خىل ئۆچمەنلىك، چۈنكى يېمەكلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار ئەتراپىدىنى ئوراپ تۇرغان يېڭى دۇنياغا ئەكىرىدىغان بىرمۇنچە پۇرسەتكە ئاسانلا ئېرىشىمەن، دەپ ئويلايدۇ.

ئانا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك قىزىدىن قىزغىنىدۇ: ئانا باھا بېرىش قىيىن بولغان بىرنەچچە خىل ھېسسىياتقا دۇچ كېلىدۇ. تەبىئىيكى، ئانىلار ئۆز قىزىنىڭ ئەڭ گۈزەل بولغان ھەممە نەرسىگە، جۈملىدىن ئۆزى ئىلگىرى ئىگە بولالمىغان نەرسىگە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇڭا، ئۇلار ئاخىرىغىچە ئۆزىنى ئايىماستىن قۇربان قىلىدۇ. ئەمما، ئانىلار ئۆز قىزىنىڭ «يېڭى ئاياللار» ھەققىدىكى پارىڭىنى ئاڭلىغاندا نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېرىكىدۇ؟ ئانىلار قىزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇچ بالا تۇغماقچى، پۈتۈن دۇنيانى ساياھەت قىلىپ ئايلىنىپ چىقماقچى، رەسسام بولماقچى، ئاك-

سىيە بازىرىنىڭ ئارزۇلۇق بالىسى بولماقچى ئىكەنلىكىنى
ياكى باشقا سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغاندا كۆڭلىدە يانغان ئەلەم-
نى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇلار ئاچچىق كۈلكىسىنى، چۈ-
شىنىشتىن كېلىپ چىققان ھەسرىتىنى تورمۇزلاپ، ئۇنىڭ-
دىن كېيىن بېشىنى چايقاپ، بۇلارنى بىزمۇ ئىلگىرى ئېيت-
قاندۇق دېيىشى كېرەكمۇ، يوق؟

ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەندىن مەسلىھەت سوراپ كەلگەن
ئانىلار ئادەتتە ئۆزلىرى تۇرمۇشتا تاللىيالايدىغان ئىشلارنى
بىلىدۇ. ئۇلار تەربىيە ئالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپىنچىسى
خېلى يۇقىرى تەربىيە ئالغان، بۇرۇن ئۇلارنىڭ كەسپىمۇ
بولغان. لېكىن ئۇلار بۇ نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە بولغان
تاللىشىنى ئۆزىنى قۇربان قىلىشنىڭ بىر قىسمى دەپ قارى-
غان. بولار قارىماققا بالا تەربىيىلەش پىلانى بىلەن زىت
ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما گەپ شۇ يەردىكى، ئۇلار بۇنداق
قۇربان بېرىشنى زادىلا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان ئە-
مەس. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن ھەم ئۆز قىزلىرىدىن قىزغىنى-
دۇ، ھەم ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ.

ئۆز بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان بېرىشتىكى بۇنداق
غەزەپلىنىش كەسپى بىلەن ئانىسىغا تەڭ ئېتىبار بېرىشنى
ئۈمىد قىلىدىغان ئاياللاردىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق
قىلىپ، تەبىئىي ھالدا بۇ مەسىلە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى
رەسمىيەتچىلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ دىلىدا تەكرار
بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇش ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قايتا - قايتا
ئەنسىزلىك، پەرىشانلىق ۋە غەزەپنى قوزغايدۇ. ئانا ئۆزى
رەسىم سىزىمەن دەپ بالىسىنى تېلېۋىزور كۆرۈشكە قويۇۋې-
تىشى كېرەكمۇ؟ ئۇ يۇيۇشقا ۋاقىت كەتمەيدۇ دەپ توڭلىتىل-

www.uyghurkitap.com

غان كۆكتاتتا تاماق ئېتىشى ھەمدە ئون مىنۇت ئارتۇق
ۋاقىت چىقىرىپ ئويلىنىشى ھەم پىلان تۈزۈشى كېرەكمۇ؟
ئۇ بالىسىنى يەسلىدە بىر ـ ئىككى سائەت ئارتۇق قالدۇ-
رۇپ، ئۆزى بىر دەرسنى ئۆگىنىشى كېرەكمۇ؟ بەزىدە ئانا
ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىپ با-
قىدۇ. لېكىن ئانا ئويلانماقچى بولغاندا، ھەمىشە سەكرەپ
قوپۇپ، مەكتەپتە ئۇزاق ۋاقىت كۈتۈپ تۇرغان بالىسىنى
ئەكېلىشكە ئالدىراپ بارىدۇ.

قىزىنىڭ مەيدانىدا تۇرغاندا، ئادەتتە ئانىنىڭ ئۆچمەنلى-
كىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئەمما بۇ ئانا ئۆزىنىڭ پەرىشانلى-
قىنى قەھرىمانلارچە يېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. بىراق، قىزى ئانى-
سىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئادەتتە ئۇنى
چوڭقۇر چۈشىنىشنى ئويلىمايدۇ. ئۇ ئۆز ئانىسىنىڭ ئۇز-
لۇكسىز ئۇرۇنۇپ باققانلىقى ۋە ئۇزلۇكسىز مەغلۇپ بولغاز-
لىقىنى كۆرىدۇ، ئانىسىنىڭ ئايال كىشىنىڭ ئالىي پەزىلىتى
ئائىلىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش ۋە تۆھپە قوشۇش
دەپ تەشەببۇس قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭلايدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كې-
يىن يەنە ئانىسىنىڭ ئۆز قىلغانلىرى قۇربان بېرىش ئىكەن-
لىكىنى ئىنكار قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭلايدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ مو-
مىسىغا ئوخشاش، پۈتۈن بىر كۈننى سەرپ قىلىپ بولكا
پىشۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ بالىلىرىنىڭ جاۋا-
بىغا ئاساسەن بۇگۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقىغا
ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، تاماق جوزىسىغا تەقەززالىق بىلەن
قاراپ چىققانلىقىنى، بالىلىرىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىغاز-
لىقىنى سېزىدۇ. ئۇ بولكا پىشۇرغاندا ئۇن ئالغان قاچىنىڭ
كەچكىچە قاچا يۇيىدىغان داستا تۇرغانلىقى، ئانىسىنىڭ ئال-

دىراشچىلىقتا ئۇنى يۇيۇۋېتىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغانلى-
قىغىمۇ دىققەت قىلىدۇ. ئاخىرىدا بۇ قاچىلارنى ئۆيدىكى
تۇنجى قىز يۇيۇپ تازىلاپ يىغىشتۇرىدۇ، بۇ تۇنجى قىز چوڭ
بولغاندىن كېيىن ئاچ يۇرۇشكە رازى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ
خېمىرنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇش جەريانىنىڭ بىر مەيدان
جەڭگە ئوخشىشىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ قالايمى-
قان جەڭ ئۇنىڭ ئانىسىنى قاتتىق خاپا قىلىدىغانلىقىنى چۈ-
شىنىدۇ.

ئۇ ئانىسىنىڭ تاللا بازىرىدىن كۆكتات سېتىۋالغاندا،
هامان توغلىتىش ساندۇقى ئورنى بىلەن يېڭى كۆكتات ئورنى
ئارىسىدا چېپىپ يۇرگەنلىكىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.
ئۇنىڭ ئانىسى بىر بولاق توغلىتىلغان پالەكنى قولىغا ئالى-
دۇ، بۇ چاغدا گويا قىزىغا — شۇ چاغدىكى كىچىككىنە
قىزىغا بۇ پالەك يامان ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەزىدە
كەچلىك تاماقتا توغلىتىلغان يېمەكلىكنى يېسە هېچنېمە
بولمايدۇ دېمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل
سۇنئىي ئىپادە كۆرۈنىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى توساتتىن توغلى-
تىلغان كۆكتات ئورنىغا قايتىپ بېرىپ، قولىدىكى پالەكنى
پاكىز نەرسە ئەمەستەك تاشلاپ قويىدۇ. قىز ئانىسىغا ئەگى-
شىپ يېڭى كۆكتات ئورنىغا كېلىدۇ، ئانىسى بىر باغلام
يېڭى پالەكنى قولىغا ئالىدۇ، لېكىن بىردىنلا ئىنتايىن
چارچاپ كەتكەندەك، ئىنتايىن غەزەپلەنگەندەك كۆرۈنىدۇ،
ئانىسى بۇ پالەكنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقىدۇ ـ دە،
سېۋەتىگە سالىدۇ، لېكىن بىردەمدىن كېيىن ئۇنى يەنە ئې-
لىپ مال جازىسىغا قويۇپ قويىدۇ. قىز ئانىسى بىلەن بىللە
ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، يەنە هاپىلا ـ شاپىلا توغلىتىش ساندۇ-

قى ئالدىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئانىسى بىر بولاق توڭلىتىلغان پالەكنى يەنە قولىغا ئالىدۇ ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قىزىنىڭ تەسۋىرلىشىچە، «ئالدىرىغان ۋە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئىپادە» نى كۆرسىتىدۇ. ئىككىيلەن بۇنداق ئۇ ياق ـ بۇ ياققا قاتراپ چېپىپ يۈرۈشنى كۆلكىسى بىلەن يوشۇرماقچى، بۇنى بىر ئويۇن قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئانا ئۆزىـ نىڭ ماددىي جەھەتتىكى مەسئۇلىيەت بىلەن ئەركىن تاللاش ئارىسىدىكى غەزەپلىك ساياھەتتە ئۆزىنىڭ ئوينىغان رولىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ۋە ئاغرىنغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئىزھار قىلىدۇ. ئانىسىنىڭ ئاخىرى يېڭى پالەكنى ئېلىپ ئۆيگە قايتقانلىقى، لېكىن ئۇنى سولىشىپ كەتكۈچە توڭلاتقۇغا سېـ لىپ قويۇپ تاماقتا ئىشلەتمىگەنلىكى قىزىنىڭ ئېسىدە قالدىـ دۇ: ئانىسىنىڭ مال سېتىۋېلىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۇنى ساقلاش ۋە تاماقتا تۇتۇش قىلىش جەريانىدا ئاشكارىلىدىـ غان غەزىپى مەڭگۈ قىزىنىڭ ئېسىدە قالىدۇ.

بۇ قىز چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ تۇرمۇشتا ئۇچرىغان چەكلىمىگە چىدىيالمىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ: «ئانام ئانىلىق مەجبۇرىيىتىدىن قاتتىق بىزار بولغانىـ دى، دائىم ئىشنى ئاقسىتاتتى ھەمدە قىزىنىڭ باشقا يول تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن قىزغىناتتى، مەن بىلەن دائىم پۇت تېپىشەتتى، ئەمما ئاخىرىدا ھامان ئۆزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتى ئالدىدا مەغلۇپ بولاتتى» دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ ئانا ئۆزىنىڭ بۇنداق ھېسسىياتىدىن قاتـ تىق خىجىل بولىدۇ، شۇڭا ئادەتتە ئۆزىنىڭ شۇنداق ھېسـ سىياتىنى ئاشكارىلىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ، بىراق بۇلارنى قىدـ زى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ.

تېڭىرقاش بىلەن ھېسسىياتنىڭ بۆلۈنۈشىگە تولغان بۇز-
داق كەيپىياتتا ئۆسكەن قىزلار چوڭ بولۇپ ئۆز تۇرمۇشىنى
باشلىغاندا مۇقەررەر ھالدا پەرىشان بولىدۇ. ئۇلار ئانىسىنى
ئىلگىرى ئۆزلىرى ئۇچۇن ئۆزىنى رازىمەنلىك بىلەن قۇربان
بېرىشكە كۆندۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى ئەسلىگەندە، ئۆزلىرى-
گە ئاتالمىش قۇربان بېرىش دېگەن ئىشنىڭ زادىلا يوقلۇقىنى
ئۇقتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قورقۇنچلۇق ئىچكى ئىخ-
تىلاپقا دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار كۆڭلىدە ئۆزىگە بۇنىڭلىق بىلەن
ھېچقانداق زىيان تارتمىدۇق دېسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ غەزى-
پىدىن ۋە ھېسسىيات جەھەتتە زىيان تارتتۇق دېگەن تۇيغۇ-
سىدىن قۇتۇلۇشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، كۆڭلىدە ئانىلار توغرىسىدا بىر مۇنچە مەسىلىلەر بول-
سىمۇ، ئۇنتۇرىغا قويۇشقا پېتىنالمايدۇ؛ ئۇلار ئانىسىنىڭ
ئايالالاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرۈشكە
خاتا يېتەكلىگەنلىكىدىن غەزەپلىنىدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن
ئانىسى ئوتتۇرىسىدا چەكسىز خاپىلىق مەۋجۇت دەپ ھېس
قىلىدۇ؛ ئۇلار بۇنداق ئىچكى ھېسسىياتنى ئېتىراپ قىلىش-
قا جۈرئەت قىلمىغاچقا، ئانىسى كۆڭلىدە قالدۇرغان كۆلەڭ-
گىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ، شۇنداقلا ئانىسىنى بىر ياققا
قايرىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا قەدەم قويۇشىمۇ قولىدىن
كەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە قارا نىيىتىنى چۇ-
شەپ قويغان بۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى يېشىشكە ئەسەبىيلەرچە
ئۇرۇنسىمۇ، لېكىن ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئىمكان بېرىدىغان
ھەرقانداق پۇرسەت بولغاندا، ئۇلار يەنىلا توختاپ قالىدۇ،
ئارىسالدى بولۇپ قالىدۇ.

ئاندىن قانداق ھالقىش توغرىسىدىكى بۇ مۇنازىرىنىڭ

نۆۋقتىسى تۇرمۇشتا ئەمەس، بەلكى ئانا قىلىپ باقمىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئوخشاش ئاددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە. بۇنداق قىلغاندىن كۆرە، ئانا قىلىشقا تەشنا بول-غان، پەقەت ئۆزىنىڭ تاللىشىنى ئاساس قىلىپ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قالغان ئىشلارنى قىلىپ كۆرگەن تۈزۈك.
ئەگەر ئىقتىسادىي ئېھتىياج ۋە ئانىلىق بۇرچى ئاياللارنىڭ مۇقەررەر تەقدىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ئانىلارنىڭ تۇر-مۇش شەكلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئىككى چوڭ ئامىل بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئانىلىق بۇرچ تۈزۈمىگە بولغان نارازىلىقى ۋە كۆڭۈلسىزلىكىنى تۇگىتىشتە باشتىلا كىچىك ياردەمچى كۈچكە ئىگە بولىشى مۇمكىن. ئەگەر ئانا ئىلگىرى تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغان، ئەمما بالىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزىنى قۇربان بېرىشكە توغرا كەلگەندە، ئۆزد-نىڭ بۇ تاللىشىنى يەنىلا زىددىيەت دەپ ھېس قىلىپ، ئۆزى ئىلگىرى ئىگە بولمىغان تۇرمۇشقا يەنىلا تەشنا بولغان بولسا؛ ئەگەر ئۇ ئۆزىنى ئەمدى بالا تۇغۇلغانىكەن، باشقا شەكىلدىكى شەخسىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولالمايمەن ياكى قانائەت ھا-سىل قىلالمايمەن دەپ قايىل قىلغان، لېكىن كۆڭلىدە ئۇ-نىڭ چىنلىقىدىن يەنىلا گۇمانلانغان بولسا؛ ئەگەر ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزى دىققەت قىلمىغان قىزغىنىش، ئۆچمەنلىك ۋە ئۈن - تىنسىز ئارزۇ داۋاملىق قايناپ تۇرغان بولسا، بۇنداق تۇرمۇش قىزنىڭ ئانىدىن ھالقىش مەسىلىسىگە بول-غان دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. ئەمما، ئىشىنىمىز-كى، بۇ مەسىلە مۇۋاپىق بولمىغان يېمەكلىك مەسىلىسىنى يادرو قىلىشتا توختاپ قالىدۇ. ئانا تۇرمۇشتا چەكلەشكە ئۇچرىمىغاندا، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىزىنى تۇرمۇشتىكى ۋا-

كالەتچىسىگە ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلغاندا، بۇ قىز جەزمەن قانداق قىلىپ ئانامدىن ھالقىپ كېتىمەن دېگەن باش قېتىم- چىلىققا دۇچ كېلىدۇ. بۇ قىز ئەگەر ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتى- لىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلسا، بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدىغان ئىككى خىل مۇمكىنچىلىككە جەز- مەن دۇچ كېلىدۇ. توساتتىن چوڭ بولۇپ ئەتراپتىكى دۇنيا- غا قەدەم قويغاندا، ئۇ ئانىسىنىڭ قىزغىنىشى ۋە ئۆچمەنلى- كىنى قوزغاش خەۋپى ئىچىدە قالىدۇ. تېخىمۇ يامان بولغى- نى، شۇنداقلا ئۇنى تېخىمۇ ئازابلايدىغىنى ۋە مالال قىلىدى- غىنى شۇكى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئانىسىنى مەغلۇبىيەت ۋە زىياندىن پەخەس بولۇشقا ھەممە جايدا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئۇنداق بولسا، بىز زادى كىمنى ئەيىبلىشىمىز كېرەك؟ ئىلگىرى قىز بولغان — يارىلانغان ئانىنىمۇ ياكى غەزەپلەن- گەن قىز — كەلگۈسىدە ئانا بولىدىغان، ئۆز قىزىنىڭ ئەيىب- لىشىگە ئۇچرايدىغان ئوبيېكتىنىمۇ؟

بىز ئانىنى ئەيىبلەش خاھىشىدىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىز بولغۇچى بىر مۇنچە ئايال- لارنىڭ بىز بىلەن ئوخشاش خەۋپكە دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈ- شەنگەندىن تاشقىرى، ئۆزىمىزنىڭ غەزەپلىنىش تۇيغۇسى، ئوكۇشسىزلىققا ئۇچراش تۇيغۇسى ۋە خارلىنىش تۇيغۇسىنى- مۇ چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئانىمىزنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىش زىلزىلىسىدىن قۇ- تۇلغاندىن تاشقىرى، ئۇنى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچى- دە قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشىمىز ھەمدە ئانىمىزنى ئائىلىدىن ئاچىقىپ، ئۇنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش جەھەتتە يىراتقان تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېرەك.

ئائىلىدە تۇرۇپ قالغان ئاياللارنىڭ كۆپ قىسمى نىكاھ ۋە بالا تەربىيىلەش ئىشىدا ئۆزىنى قۇربان بەرگەندىن تاشقىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇشسىزلىقى ئۇچراش تۇيغۇسىنى ۋە سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ھەم راۋاجلىنىشقا بولغان تەشنالىقىنىمۇ تىرىشىپ تورمۇزلايدۇ. لېكىن بىر ئايال قەدەم تاشلاپ چىقىپ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل پۇرسەتلەرنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلاردىن پايدىلانغاندا، ئىلگىرى تورمۇزلانغان بۇ ئارزۇلىرى دەرھال روشەن نامايان بولىدۇ. شۇڭا، بىر ئايال ئۆزىنى يوشۇرمايدىغان ۋە بالىسى ئۇچۇنلا ئۆزىنى قۇربان بەرمەيدىغان بولغان ۋاقىتتا، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھازىرقى زامان قارىشىغا ئىگە ئانىغا ئايلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئانا ئۆيىدىن چىقىپ، ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسىتىنى ئىزدىگەندە، بالىلىق دەۋرىدە ئانىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورىۋالغان كۆلەڭگىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن تېزلىكتە ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىش كېسىلى ئانىمىزنىڭ ئۆزاققىچە ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈنگەنلىكىدىن نەپرەتلىنىدىغان بولغان ئەھۋالدىلا ھەل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىجتىمائىي تۇزۇمنىڭ ئاياللارنى چەكلەشنى زادىلا توختاتمىغانلىقىغا بولغان غەزىپىمىز قايناپ تاشىدۇ. بىز ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنىڭ يوقىلىشىنى ئىنتايىن چوڭقۇر تاكتىكىلىق ھەرىكەت دەپ قارايمىز. لېكىن بۇنداق رادىكال، جاراھەتنى ساقايتقىلى بولىدۇ دەيدىغان قاراش ئەمەلىيەتتە مۇۋاپىق ئەمەس. بىز ئاخىرىدا ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىدىغان ۋە گاڭگى-

ـرىتىدىغان بۇنداق چىگىش ھېسسىياتتىن ئازاد بولۇشىمىز كېرەك.

بىز بىرنەچچە ئەۋلادتىن بۇيان جىنايەت تۇيغۇسىنىڭ ئازابىنى تارتىپ كەلگەن ئاياللارنى — ئۆزىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق خىيالى ۋە قارا نىيىتى ئېتىراپ قىلىنمىغاچقا، قىزىغا غەمخورلۇق قىلالمىغان ئاياللارنى، ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلگەن ۋە ئۆز مەغلۇبىيىتىنى كەچۈرمىگەن ئانىلارنى، ئانىسى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ كۆپ قاندۇرمىغاچ-قا، ئۆزىنى ئەيىبلىگەن قىزلارنى، ئانىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئالاقزادىلىكىنى كۆرگەن ۋە چۈشەنگەن قىزلارنى، ئانىسى-نىڭ چۈشىنىشىنى جىددىي ئۈمىد قىلغاچقا، ئانىسىغا كۆڭ-لىدىكى غەزىپىنى بىلدۈرۈشكە پېتىنالمىغان ئايال-لارنى تەسۋىرلىدۇق.

ئۇنداق بولسا، بۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلىدىكى جىنايەت نې-مىگە ئايلىنىدۇ؟ ئۇلار قانداق شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ؟ ئۇ-لارنىڭ نىقابلانغان شەكىلدە ۋە ئالامەت شەكلىدە پارتلىشىنى قەيەردىن بايقايمىز؟

بىز بۇنى ئەلۋەتتە بىلىمىز. بىز ھازىر بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپتۇق، شۇنداقلا دەۋرىمىزدە ئۆسكەن قىزلارنىڭ ئۆزىدىن قانداق تانغانلىقىنى بىلىمىز. بىز ئۇلاردا مۇۋەپپەق-قىيەت قازىنىشقا يېقىنلاشقاندا ياكى ئىلگىرىلەش بولغاندا يىمىرىلىشنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆردۇق؛ بىز ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنى ئاچلىقتا ئازابلايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بەدىنىنى دۈشمەن قىلىۋالىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاياللارغا خاس بەدىنىنى قانداق نابۇت قىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆ-زەتتۇق. ئاياللارغا خاس بەدىنىمىزنى بۇنداق ئورۇنسىز نابۇت

قىلىش — بىزنىڭ ئاياللار ئۇچرىغان خىلمۇخىل چەكلىمە-لەردىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئانىمىزغا قارشى تۇرىدىغان بىرلەشمە جەڭمۇ يوشۇرۇنغان. ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىش كېسىلىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىز ھېس قىلغان جىنايەتنى ۋە كۆڭلىمىزدىكى ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان غەزەپنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئايالنىڭ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ غەزىپىنى بىۋاسىتە بىلدۈرەلمەسلىكى ئاسانلا ئۆزىنى نابۇت قىلىشقا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئۆزى بىلەن ئانىسىغا ئورتاق بولغان ئاياللىق بەدىنىنى نابۇت قىلىش ئۇچۇن غەزەپ ئوقىنى ئۆزىگە قارىتىدۇ. بۇ قىز كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سىمۋوللۇق سەپلىمە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەدىنى ئارقىلىق ئانىسىغا، ئۆزىنى تۇغۇلغاندىن تارتىپ باققان ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەنگەندىلا چۈشىنىشكە تەمشەلگەن ئانىسىغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

ئەمما، ئاياللارنىڭ بەدىنى بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان تېما ئەمەس. مەسىلىنىڭ يادروسى شۇ يەردىكى، ئانىسىغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان سىمۋوللۇق ھۇجۇمدىن كېلىپ چىققان جىنايەت تۇيغۇسى ۋە جىسمانىي، روھىي ئازابلار قىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى توسالغۇنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبتۇر. ئانىسىدىن ئايرىلمەن دەپ تېپىۋالغان غەزەپ، قايغۇ ۋە چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسىنى تىزگىنلەش ھەمدە بۇ ھېسسىياتلارنى ئۆزىنىڭ ئاياللىق بەدىنىگە يۆتكەش ئۇچۇن ھازىرقى بالاغەتكە يەتكەن ئاياللار ئۆزىدە يېڭى ئاڭ يېتىلىشتۇرۇشكە ئىنتىلگەندە، كۆپىنچە ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان جىد-

دىي ھەرىكەتكە ئارىلىشىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇن-
داق پاجىئەلىك زىددىيەتلىك مۇھاكىمە زامانىمىزدىكى ئايال-
لار ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قىيىن مەسىلە بولۇپمۇ ھېساب-
لىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# مۇۋەپپەقىيەتتىكى قاراڭغۇلۇق

## خىزمەت ئورنىدىكى قاراڭغۇلۇققا جىددىي قاراش كېرەك

بىز ئېگىمىزدا ئېرىشەلمەيمەن دەپ ئىشەنگەن بەزى مۇۋەپپەقىيەتكە نېمە نەرسىلەرنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ئېرىشەلمەي قالىمىز؟ بىزنىڭ قايسى ئىچكى خاراكتېرىمىز تىرىشچانلىقىمىزنى يوققا چىقىرىدۇ ھەمدە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا ئىنتىلگەندە بىزنى يىقىتىۋېتىپ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ نۇرىدا جەۋلان قىلىشىمىزنى خالىمايدۇ؟ بىزنىڭ خىزمەت ئورنىمىزدىكى تەشكىل بۇ مەسىلىگە جىددىي قارىشىمىزغا ياردەم بېرەمدۇ ياكى نىشانىمىزغا مەلۇم سۈيىقەستلىك ۋاستە بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلامدۇ؟

ئائىلە، مەكتەپ ۋە چېركاۋنىڭ قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلىش جەھەتتە ئېگىلىگەن سالمىقىغا سېلىشتۇرغاندا، خىزمەت ئورنى قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلىش جەھەتتە ئانچە مۇھىم ئامىل ئەمەس دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، خىزمەت ئورنىمىز بىزنىڭ قوبۇل قىلىنىشىمىز،

ئىشلىيەلىشىمىز ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدا، ھەرىكەت ئەندىزىمىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ھەممىمىز خىزمەتتە باشلىقلىرىمىزنى، خىزمەتداشلىرىمىزنى ۋە خېرىدارلارنى خۇش قىلىشقا ئۇرۇنىمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ كۆڭۈلسىز قىسمىنى — ئاكتىپلىقىمىز، ئاچ كۆزلۈكىمىز، رىقابىتىمىز ۋە بىلدۇرمەكچى بولغان پىكرىمىزنى — ئۆزىمىزنىڭ سىرلىق يېرىگە تىقىپ قويىمىز. كۆپ سانلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزلۈكىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى قاراڭغۇلۇققا تاشلىۋەتكەندە، «ئۆزىمىزنىڭ روھىنى شىركەتكە سېتىۋەتكەن» لىكىمىزنى، شۇنىڭ بىلەن پسىخىكا ۋە روھىي جەھەتتە كېلىشتۈرمىچىلىك قىلغانلىقىمىزنىمۇ بايقايمىز.

ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، بىز قاراڭغۇلۇققا موھتاج، چۈنكى بىز پاسسىپ ۋە بۇزغۇنچى كۈچىمىزنى، ھەتتا ئاجىزلىقلىرىمىز ۋە باشقىلارغا يەتمەيدىغان ئىقتىدارىمىز قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇققا يوشۇرۇپ قويىمىز. ئەمما، بىز ئۆزىمىزنى بەك چوڭقۇر ھاڭغا كۆپلەپ تاشلىۋەتكەندە غەزىپىمىز ئۆز - ئۆزىدىن قوزغىلىدۇ. ئەگەر ئادەمنىڭ خىزمەت سورۇنىدىكى قاراڭغۇلۇقى سىڭىپ كىرگىلى ۋە پۈتۈشكىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا خۇنۇك نەرسىگە ئايلىنىپ قالسا، ئۇ بۇزغۇچى نەرسە بولۇپ قېلىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن ئېلىشىشى مۇمكىن.

**بىرىنچى، ھوقۇق ۋە ئىقتىداردىكى قاراڭغۇلۇق**

مەن ئوتتۇرا ياشلىق ئەر خارولد بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، ئۇ ئىشلىرى «يۇقىرى پەللە» گە يېتىشتىن

www.uyghurkitap.com

ئون يىل ئىلگىرىلا گۈزەل ئارزۇ ــ تىلەكلەرنى كۆڭلىگە
پۈككەنلىكىنى، هازىر بىر كىچىك كۆلەملىك يۇقىرى پەن-
تېخنىكا شىركىتىدە مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش
دىرېكتور بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ ئىلگىرى
كۆلىمى چوڭراق بولغان چوڭ شىركەتتە ئىشلىگەندە ئىپادى-
سى تولىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغانىكەن. ئەمما قىرىق ياشتىن
ئاشقاندا، يەنى پىسخىكا جەھەتتە داۋالىنىش ئۇچۇن شىپاخا-
نامغا كەلگەندە، روهى چۈشۈپ كەتكەنلىكى، مۇددىئاسىنى
يوقىتىپ قويغانلىقى ۋە تېخىمۇ قالتىس مۇۋەپپەقىيەتكە ئىن-
تىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىنى كۆرەلمىگەنلىكى ئۇچۇن ۋەزى-
پىسىدىن ئىستېپا بەرگەنىكەن. ئۇ كىچىك شىركەتكە يۆتكى-
لىپ ئارام تېپىپتۇ، لېكىن بۇ خىزمەتمۇ ئۇنىڭغا ئۆز قابى-
لىيىتىنى ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن تۇرۇپ ــ تۇرۇپ پېنسىيىگە چىقىشنى ئىلتىماس قى-
لىش ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان بوپتۇ.

خارولد جەمەتىدىن ئىرسىيەت بولۇپ قالغان كەمتۇك-
لۇككە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ كەم غۇرۇرلۇقنىڭ
تىپىك مىسالى ئىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەت مۇھىتىدا
يۇقىرى دەرىجىلىك نوپۇزلۇقلار بىلەن ئەپلىشەلمەيدىغان قى-
يىن ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن
تەڭ مەۋقەدە ئەمەس دەپ ھېس قىلىدىكەن.

خارولدنىڭ هازىرقى باشلىقى بولسا تەلىپى بەك يۇقى-
رى، ئادەتتە ئىنتايىن تەكەببۇر ھەمدە تۇيغۇسى تۆۋەن ئادەم
ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە شىركەتنى پايدىنىلا كۆزلەپ باشقۇ-
رۇش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرىدىكەن. ئۇ قارشى پىكىرنى
ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشقا رۇخسەت قىلمايدىكەن، شۇنداقلا

بەزىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بەك رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن.

خارولد بۇ باش دىرېكتورنىڭ بۇزۇق پەيلىگە ئادەتتە پىكرىم يوق دېگەن پوزىتسىيە بىلەن جاۋاب بېرىدىكەن، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقىدىن دائىم قايغۇرىدىكەن. ئۇ ئۆزى تاپقان بۇ باشلىقىنى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىدىكى قاراڭغۇلۇقنى پروپېكسىيە قىلىدىغان ئوبيېكت دەپ بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ھېسسىياتىدىكى بۇ قاراڭغۇلۇق ھوقۇق، مەنمەنلىك، ئىقتىدارنى ۋە باشلىقىنىڭ يېنىدا تۇرغاندا قورۇنىدىغان ھەم قايناپ ـ تېشىشقا ئاز قالغان تۇيغۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى جەمەتىنىڭ ئوبرازىنى بارغانسېرى كۈچەيتىۋېتىپتۇ.

بىر مەزگىل ئەھۋال يامان ئەمەس بولغانىكەن. ئۇ كۆرۈنۈشتە قولىدىكى ئىشنى تاماملاپلا باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ھازىرقى ۋەزىپىسىگىلا ماس كېلىدۇ دەپ قارىلىدىغان بوپتۇ. لېكىن خارولد بۇ تاشقى كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىققا تولغان ھاياتىي كۈچى ۋە قىزغىنلىقىنى تورمۇزلاپ قويۇپتۇ، شۇڭا كىرىزىس تۇغدۇرۇشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق بىۋاستە توقۇنۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىدارىنى كەسپىي جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈش ئۇچۇن جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىدىنمۇ ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. ئەمما، خارولد پەقەت ئايىغى يوق مۇجمەل تەسىرات ۋە نارازىلىقنىلا ھېس قىلىدىكەن.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، تۇغان تېشىلىشكە باشلاپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خارولد ئەخلاقلىق ۋە ئېتىقادى چىڭ ئەر بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ۋاستە قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ غەزىپىنى، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋە سەل قارالغان ھېسسىياتىنى ئومۇمنىڭ ئازراق پۇلىنى ئىشلىتىۋېلىش، شۇنىڭدەك پاسسىپ شەكىلدىكى ئاكتىپ ھەرىكەت قاتارلىق ۋاستىلىك ئۇسۇل بىلەن تۆكۈشكە كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۆزىنى چۈشەنچۈپتۇ (چۈنكى بۇ ئۆزىنىڭ ياخشى پۇقرا دېگەن ئوبرازىغا مۇناسىپ كەلمەيتتى)، شۇنداقلا ئۇنى ئۆزىنىڭ خىزمەت شەكلىگە سەرپ قىلغان بەدىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر نۇقتىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە يېتەكلەپتۇ.

## ئىككىنچى، خىزمەتكە مەپتۇن بولۇش ۋە تەشكىلدىكى قاراڭغۇلۇق

ئادەم دەم ئېلىش، يېقىن مۇناسىۋەت ۋە ئائىلىنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كۈن بويى ئىشلەيدىغان خىزمەت ماشىنىسىغا ئايلىنىپ قالغاندا، خىزمەت ئورنىدىكى يەنە بىر خىل قاراڭغۇلۇقنى كۆزىتەلەيمىز. بۇنداق بېرىلىپ كېتىش مۇقەررەر ھالدا يۈكسەك دەرىجىدىكى تەڭپۇڭسىز، مەجبۇرىي تۈرمۈش شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كۆپ ساندىكى كەيپكە ئوخشاش، خىزمەت مەستانىلىقىمۇ ئائىلە شەكلىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بەزى ئائىلىلەردە ئوغۇل بالا ياكى قىز بالا مەلۇم ئىپادە كۆرسەتكەندىلا قوللاشقا ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك قىممەت قارىشى پۈتۈنلەي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قارىشىدا يىلتىز تارتىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئائىلىلەردە خىزمەت مەستانىسى بولغان ئاتا ـ ئانا بۇ خاراكتېرنى پەرزەنتلىرىگە كۆ-

چۇرىدۇ، پەرزەنتلىرى ئۇنىڭغا خۇددى كۆزىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش ۋارسلىق قىلىدۇ. يەنە بەزى ئائىلىلەردە مۇۋەپپەق-قىيەت قازانمىغان ئاتا - ئانىنىڭ مەغلۇبىيىتى بالىلىرىنى رىغبەتلەندۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ھەرىكەتلەندۈ-رگۈچ كۈچكە ئايلىنىشى، شۇنداقلا ئەمەلىيەتتە ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر بۇ خىزمەت مەستانىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدى-غان خىزمەت تەشكىلىدە ئىشلەپ، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ خىز-مەت تىپى قوللاشقا ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېرىشكەن بولسا، بۇنداق ماسلىشىش بىر مەزگىلگىچە ئىنتايىن مۇكەممەل بو-لۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن؛ چۈنكى ئۇنىڭدىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن شىركەتتىكى قاراڭغۇلۇق بىر سىزىق بولۇپ كەتكەن. ئەمما، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بەزى ئىشلار يۈز بېرىشنى ھەر ۋاقىت كۈتۈپ تۇرىدۇ، بۇ خادىم گويا ئىسپىرتقا ياكى دورىغا خۇمار بولغاندەك كۆپ خىل ۋە مۇرەككەپ خۇمارىنى ئاشكا-رىلايدۇ، ئۇنداق بولمىسا، مادارىدىن كەتكەندەك ھالغا چۈ-شۈپ قالىدۇ؛ شىركەت خىزمەت فاڭجېنىنى ياكى رەھبەر-لىك قاتلىمىنى ئۆزگەرتكەندە، بۇنداق خىزمەتكە مەپتۇن بو-لۇش روھىي ھالىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى يار ئېلىپ كەتكەن سۇدەك غالجىرلىشىدۇ.

خىزمەتكە مەپتۇن بولۇش روھىي ھالىتى شىركەتلەردى-كى بىردىنبىر قاراڭغۇلۇق ئەمەس. شىركەتنىڭ مەدەنىيىتى ئېنىق بەلگىلىمىنىڭ، يەنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، پائالىيىتىنى پىلانلىشىغا ياردەم بېرىش توغرى-سىدىكى شىركەت قائىدىسى، رەسىم - يوسۇن نەمۇنىسى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى مۇمكىن، شۇڭا

شىركەتتە پەرق ئېتىش، بايان قىلىش ئاسان بولمىغان قا-
راڭغۇلۇق بولۇشى مۇمكىن. شىركەت بىلەن بۇنداق قاراڭ-
غۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شىركەتنىڭ مالىيە ۋە
كادىرلار ئىشلىرى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى بەلگىلەشكە
غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، شىركەت ئۆزىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى
ئېچىش ۋە بېسىم كۈچىنى تەڭشەش جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى
ئىنكار قىلغاندا، «ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىزگە سوغۇق
مۇئامىلە قىلدى» دەپ قارىشى ۋە ئۇلارنى ئەيىبلىشى مۇم-
كىن. مۇھىم نۇقتىنى تەنتەرخ ياكى پايدىنىلا كۆزلەشكە بەك
كۆپ قارىتىۋېتىش بىر خىل ئىشەنمەسلىك كەيپىياتىنى كەل-
تۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ چاغدا بەزى ئىشچى - خىزمەتچىلەر
بالاغا قالىدۇ، شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېپادىلەنمى-
گەن ھالەتنى ھەل قىلىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ ئىشچى -
خىزمەتچىلەرگە ھۇجۇم قىلىنىدۇ ياكى ئۇلار قۇربان قىلىنى-
دۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر شىركەت مەدەنىيىتى ئوچۇق
پىكىر ئالماشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرسە، بۇ شەخس بىلەن
كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى قاراڭغۇلۇق مەسىلىسىنى تەك-
شۈرۈش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنداقلا
زادىلا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى نەتىجىنى تۇغدۇرىدۇ.
مۇكەممەل شىركەت تەشكىلى ئوچۇق قايتما ئىنكاس تۈزۈمى-
نى ئورنىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەردە پاسسىپ ھەرىكەت
يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ، شۇنىڭدەك ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە مەقسىتىگە ئاساسەن

ماسلاشتۇرالايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىشىغا يادەم بېرەلەيدۇ.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇددىئاسىمۇ قاراڭغۇلۇق-نىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى. مەسىلەن، شىركەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى خىزمەت نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك-لىكىنى ئىنكار قىلىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئازار بەرگەندىمۇ شىركەتنىڭ كۆزلىگەن ئوبرازىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن «شۇنداق قىلدۇق» دېيىشى مۇمكىن. نىشانغا يەتكەن ھامان، بۇ رەھبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى، ئۆز ئىچىد-گە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئىنسان تەبىئىتىنى پەقەت ئائىلى-سىدە ياكى بالا - چاقىلىرى ئالدىدىلا ئاشكارىلىشى، ھازىرقى زامان نۇسخىسىدىكى «دوكتور گېگ ۋە دوكتور خېيد» قا ئوخشاش بۆلۈنگەن قوش كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

شەخسلەر بىلەن شىركەت تەشكىلىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مەسىلىگە، ئادەم كۆپچى بايلىقىنى تەربى-يىلىگۈچىلەر ۋە مەسلىھەتچىلەر دائىم سەل قارايدۇ. ئەگەر بىز بۇنداق قاراڭغۇلۇق مەسىلىسىنى تېخىمۇ خۇشاللىق بى-لەن ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ شەخس، شىركەت تەشكىلى ۋە جەمئىيەتنى يېگىلاشقا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشىگە تۈرت-كە بولىدىغان بولساق، چەكسىز مەنپەئەتكە ئىگە بولىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇۋەپپەقىيەتتىكى قاراڭغۇلۇق

بىز ھەممىمىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىنتىلىمىز؛ قانچىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانساق شۇنچە ياخشى دەپ قارايمىز. ئەمما يېقىندا بىز مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەبىرى بۇرمىلانغان ئالاھىدە مىسالنى كۆردۇق، تۆۋەندە بۇ خىل ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان قاراڭغۇلۇقنى بايان قىلىمىز.

كىشىلەر ۋە شىركەت تەشكىلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغدا چەكسىز خۇشال بولىدۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شۇ ۋاقىت قاراڭغۇ ۋاقىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتكە گويا مۇقىملىشىپ قالغاندەك بىر خىل قايغۇ ياندىشىپ كېلىدۇ: بۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشارمۇ؟ مەن قانداق قىلىپ تېخىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم كېرەك؟ مەن مۇكاپاتلىنىشقا ئەرزىمەمدىمەن؟ ئەگەر ئۇنى قولدىن بېرىپ قويسام قانداق قىلىمەن؟ مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مۇۋەپپەقىيەت تېزلىكتە كۆرەڭلەشتىن قايغۇرۇشقا، خۇشاللىقتىن ئادەت خاراكتېرلىك ھارغىنلىققا، مەيۈسلۈككە، ھەتتا شەخسنىڭ ئېڭىدىكى كرىزىسكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۇ ئۆزگىرىش قانداق يۈز بېرىدۇ؟ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا خورىكىمىز ئۆسۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەمەلىيەتتە يەنە تەكەببۇر ۋە مەنمەنچى بولۇپ قالىمىز، ئەمما شۇ سەۋەبتىن قاراڭغۇلۇقنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ۋە ھەزىم قىلالمايدىغان بولىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ خۇشاللىقى ۋە تەلۋىلىكىدىن ھالقىپ، ئۆزىمىزنى توختىتىپ، ئۆزىمىزنى ئىنچە-

كىلەپ ئائىلىيالمايدىغان ۋە كۆزىتەلمەيدىغان بولۇپ قالدىمىز؛ چوڭقۇر ئۆگەنگەن خىزمەتنىمۇ ئوخشۇشلۇق داۋاملاشتۇرالمايدىغان بولىمىز؛ كۆڭلىمىزدە ھەقىقىي ئېتىراپ قىلغانلىرىمىزمۇ بۇرمىلىنىدۇ، بۇزۇلىدۇ، ھەتتا پۈتۈنلەي ئادىشىپ قالىمىز.

بىز جامېسنى مىسال قىلىپ ئۆتەيلى. 1980 ـ يىللاردا، نيۇيورك ئۇئول ستريت كوچىسىدىكى پۇل مۇئامىلە، ئاكسىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەركىسى بولغان جامېس ئۆزىنىڭ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىشلىرىدىن بىزار بولغان. ئۇ ئاكسىيە سېتىپ ۋە سودا قىلىپ بىر يۈز ئوتتۇز مىليون دوللار جۇغلىغانىكەن. ئۇ ئۈچ ئاي ئىلگىرى مەن بىلەن كېسەل كۆرستىش ۋاقتىنى كېلىشتى. ئۇ ئىشخانامغا كىرگەندە، قارىداپ كەتكەندەك ۋە ئەركىن ـ ئازادە كۆرۈنەتتى، سېرىق چېچى ئاق بويالغان بولۇپ سەل ئۆزۈندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ماتورلۇق قېيىق بىلەن دېڭىزدا ساياھەت قىلغانلىقىنى، چاڭغا تېيىلغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ يېڭى فېرمىسىنى جانلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مەسلىھەت سوراپ كەلگەنلىكىدىن گۇمانلاندىم.

سۆھبىتىمىز ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئۇ ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا: «مەن تۇرمۇشۇم ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ئادەم تاپالمىغانىدىم، سىز دەل مەن ئىزدىگەن ئادەم بولالايسىز» دېدى. مەن كۈتۈلمىگەن بۇ پاكىتتىن ئەجەبلەنمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدىم ۋە: «بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا بىراۋنىڭ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى، ئائىلىسىدىكى چىقىشالماسلىقلار، يېقىنلىشىپ قالغان نىكاھدىن ئاجرىشىش ئەھۋالى، لايىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاتا تاللاپ قويسا جامائەتچىلىككە يېيىلىپ كېتىشىدىن قورقىدىغانلىقى، كېچىلىرى ئۇيقۇسىنىڭ ئاربلاپ بۇزۇلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى جاۋاب ئورنىدا سۆزلەپ بەردى.

جامېس قۇتۇلماقچى بولغان سۇبستانسىيىلىك مەزمۇنلار ئەمەلىيەتتە كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇچراتقان قاراڭغۇلۇققا ئوخشىشىپ كېتىدۇ:

● ئۇنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى ئۆز غايىسىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولمىغان قىسمى. ئەرلىك شىجائىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان دەۋردە، ئۇ ئۆزىنىڭ سەزگۈر بولغان، ئاياللارغا ئوخشايدىغان خاراكتېرىنى تاشلىشى كېرەك ئىدى؛ ماددىيلاشقان دەۋردە بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھېسسىياتىنى چۆرۈپ تاشلىشى كېرەك ئىدى.

● ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان، لېكىن دادىسى ياكى باشقىلار قىممەتى يوق دەپ قارىغان قىسىم كۆرۈنۈشتە كۆمۈپ تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە خۇددى تىرىكتەك تېتىك ھالەتتە.

● ئەخمەقلىق ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارالغان خىيال ياكى قارا نىيەت كىچىككىنە ۋەدە ئارقىلىق كۆنلەرنىڭ بىرىدە چۆرۈپ تاشلىنىدۇ.

بۇ يوشۇرۇن خاراكتېرلەردىن باشقا، ئۇنىڭ ئىچىگە بىز كۆزىتەلمەيدىغان تېخىمۇ كۆپ خاراكتېر يوشۇرۇنغان. بۇ ئىنكار قىلغۇچى مۇھىم ئامىل تۇرمۇشىمىزنىڭ يۆنىلىشىنى، ھاياتىي كۈچىمىزنىڭ ئىپادىلىنىش دەرىجىسىنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك تەرەققىياتىنى كونترول قىلىدۇ. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ بۇ پارچە ـ پۇرات خاراكتېرلىرىنى قاراڭغۇلۇققا كىرگۈزۈپ قويىدىغان بولساق، مۇقەررەر ھالدا قىممەتلىك روھىمىزنى بەدەل قىلىپ تۆلەيمىز.

يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر ئەگەر ئۆزىدىكى قاراڭغۇ-لۇقتا يوشۇرۇنغان مول يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قانداق ئېچىش ۋە كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تەتبىق قىلىشنى بىلـ-سە، ئۇلار جەزمەن مۇۋەپپەقىيەتنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇلارنى ئەقىللىق ئۆگەنگۈچى دېيىشكە بولىدۇ. چىرچىل، روزۋېلت، فلورېنس، جېفېرسون، لىنكولن قاتارلىق سىيا-سىي جەھەتتىكى مۇھىم تارىخىي شەخسلەر ئۆزىنىڭ مەيۈس-لۈكى، مەغلۇبىيىتى ۋە ئازابىدىن يەنە بىر باسقۇچتىكى مۇۋەپپەقىيەتنى تاپقۇچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇلار مەغ-رۇرلۇقنى قانداق يېڭىشنى بىلگەن.

رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بەزى شەخسلەر مەندىن دائىم: «شىركەت تەشكىلىمىزدە ئۆگىنىش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشكە قانداق كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك» دەپ سورايدۇ. مې-نىڭ ئۇلارغا بەرگەن بىرىنچى تەكلىپىم شۇ بولدىكى، ئۇلار كۆزلىگەن مۇۋەپپەقىيەت نىشانىغا يەتكەندە، ئۆزىنىڭ ۋە شىركەتنىڭ ئۆگىنىشىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مەنمەنلىك خاھىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ خۇش پۇ-راق، قويۇق يايلىقى دەل تەكەببۇرلۇقنىڭ بازىسى ۋە تۇپراقتا يوشۇرۇنغان مەغرۇرلۇق ۋە ئاچ كۆزلۈكنىڭ رۇدىسى.

ئۆزىمىزنىڭ ئەدەپ كېتىۋاتقان مەغرۇرلۇقى بەرگەن سىگنالنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەردە تۆۋەندىكى تېز تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى بەردۇق.

● ئۆزىچە ئالاھىدە تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە دەپ قاراش — بىز ئۆز تېرىمىزگە پاتماي قالىدىغان مەلۇم ھادىسە كېلىپ چىقىشقا باشلى-غانلىقىنى، مەسىلەن، باشقىلارغا توغرا باھا بېرەلەيمەن دەپ ئىشى-

نىپ كەتكەنلىكىمىزنى ياكى ئىنسانلار سادىر قىلغان سەۋەنلىكتىن ساقلىنالايمەن دەپ ئىشىنىپ كەتكەنلىكىمىزنى بايقىغاندا، ئەمەلىيەتتە، قاراڭغۇلۇقنىڭ يۈزىنى كۆرىمىز.

● سىگنالنى يوقىتىش — بىز بەزى زىددىيەتلىك سىگناللارنى، مەسىلەن، تېرىككەكلىك، گاللۇۋاڭلىق، پەرھىزچانلىق ۋە ئۇقۇمنى ئىگىلىيەلمەسلىكنى سۆكۈشكە باشلىغاندا، كەلگۈسىدە ئازاب، مەغلۇبىيەت قاتارلىقلارنىڭ دەردىنى تارتىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر رەھبەر بولساق، شۇنىڭ بىلەن بىكىنىپ قېلىشىمىز، ئەتراپىمىزدىكى ئىدەنچلىك مەسلىھەتچىلەرنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىشى مۇمكىن، بۇ چاغدا بۇ سىگناللارنى ئامال قىلىپ يوقىتىشىمىز كېرەك.

● ھەرىكەت جەھەتتە مەنپەئەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىش — مەغرۇرلۇق كېلىپ چىققاندا، ھوقۇقنىڭ جانلىق ئۆلگىسى ئارقىلىق ئۆز باياناتىمىزنى چىقىرىمىز، مەسىلەن، ئالاقە شەكلى، ئورۇننىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، يىغىننىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى قاتارلىقلاردىن پەرىشان بولىمىز. باشقىلاردىن ئۆزىمىزنىڭ مۇھىملىقىنى دائىم مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىش ئەمەلىيەتتە ئىنكار قىلىنىدىغان ئەنسىزلىكنىڭ بىر خىل سىگنالى.

● تېخىمۇ يۈكسەك ئەخلاق ئاساسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈش — شەخس ياكى كوللېكتىپ ئادىللىق، پاكلىقنى ئىدىيۋى يۆنىلىش قىلغاندا، بۇنىڭغا ئوخشاشمايدىغان ئويدىكى كىشىلەر خاتالاشقۇچى، جىنايەتچى ياكى دۈشمەن دەپ قارىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئىدىيە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ھالەتنى ۋاقتىنچە پەسەيتىشى مۇمكىن، ئەمما، ئەمەلىيەتتە، بۇ مەغرۇرلۇقنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكنى باھانە قىلىپ كۆرسەتكەن تەسىرى.

مەغرۇرلۇق ئىچكى تەسىر كۆرسەتكەندە ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويىمىز. بۇ چاغدا يوغىناپ كەتكەن ئۆزلۈكىمىز قاراڭغۇلۇقنى قىستايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇلۇق ئۆزد-

نىڭ خەتەرلىك ۋە يوشۇرۇن غەزىپى ئارقىلىق بىزنى گۇم-
ران قىلمەن دەپ تەھدىت سالىدۇ. لېكىن، بىز ئۇنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىق چۈشەنسەكلا، ئۇ بىزگە قاراڭغۇلۇق-
نىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ بىز يېقىندىن بىلىشكە ئىنتىل-
گەن ئامىللار ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. بىز شۇنىڭ بىلەن
ئۆزىمىزنىڭ تولىمۇ مەنمەنلىك قىلىپ ئالدىمىزغا سەكرەپ
كېتىۋاتقانلىقىمىزنى، قاراڭغۇلۇقنىڭ ئەمەلىيەتتە بويسۇن-
دۇرۇلغانلىقىنى بىلىمىز. ئەگەر بىز ئۆزلۈكنىڭ ئېھتىيا-
جى، ئويناۋاتقان رولى، بەلگىسى ۋە ئادىل، پاك ھەرىكىتى-
نى تۇگىتىش ئۇسۇلىنى تاپالىساق، ئۇ ھالدا ئۆگىنىش
قالايمىقانچىلىقىدىن ئۆزىمىزنىڭ يېڭى ئىچكى قاتلىمىنى يەنە
بىر قېتىم سېزەلەيمىز.

مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە، كۆز ئالدىمىزدىكى ھەربىر مۇ-
ۋەپپەقىيەت ھالاكەت خاراكتېرلىك قاراڭغۇلۇقنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان، دەپ قاراش مۇمكىن. كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە
ئىنتىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەبىر بېرىش ئۈچۈن قاراڭغۇلۇقنى
ھەركۈنى ئاز - ئازدىن خورىتىشىمىز كېرەك. بۇ مەقسەتكە
يېتىش ئۈچۈن، ئازراق يول قويۇپ، يېڭى باشلىنىشنى كۈ-
تۈۋېلىشىمىز كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ياخشى ئۇستاز،
ئوبدان دوستنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولىمىز، بەزىدە دا-
ۋالغۇچى ئالىملارنىڭ ياردىمىگىمۇ موھتاج بولۇشىمىز مۇم-
كىن.

مۇۋەپپەقىيەتنى ساقلىغۇچىلار بۇ ئىشنى قانداق ئىش-
لەشنى بىلىدۇ. خۇددى يازغۇچى جون كارنا بىرنەچچە يىل
ئىلگىرى ماڭا ئېيتقاندەك: «سىز تاغقا يامىشىپ چىققاندا،
يەنە باشقا بىرمۇنچە تاغلار بارلىقىنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇ-
تۇڭ. يەنە بىر چوققىغا قاراڭ ۋە ئىككى تاغ ئارىسىدىكى
جىرانى يېقىندىن ئاتلىنىش نۇقتىسى قىلىڭ.»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالتىنچى باب

# ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇش

## ئىنسانلارنى قاباھەتتىن قۇتقۇزۇش

قاباھەت مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە چۈشىنىش ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر تېپىشماق. ئۇ ئاددىيلاشتۇرۇشقا ھەرگىز ئاسانلىقچە ئۇنىمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ قاباھەت جەھەتتىكى ھەل قىلىشقا ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلىرىنى تەھلىل قىلىپ ھەم يىغىنچاقلاپ، مۇۋاپىق ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلغۇدەك دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئەمما، بۇ قىيىن مەسىلىنىڭ بۆلەكلىرى شۇنچىلىك چىرمىشىپ كەتكەنكى، ئۇلارنى ئاجرىتىش بەك قىيىن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاسانلا ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ تېپىشماق شۇنچىلىك تەسكى، بىز پەقەت ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنىڭ تۇتۇق ئوبرازىغىلا ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن. باشقا دەسلەپكى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا ئوخشاش، بىز ئاخىرى ئېرىشكەن مەسىلىلەر ئىگە بولغان جاۋابتىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن، قاباھەت مەسىلىسىنى ئاق كۆڭۈللۈك مەسى-

لىسىدىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىش ناھايىتى قىيىن، ئەگەر دۇنيادا ئاق كۆكۈللۈك بولمىغان بولسا، ھەرگىز قاباھەت مەسىلىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرمىغان بولاتتۇق.

بۇ ناھايىتى غەلىتە ئىش. بىمارلار ياكى تونۇشلىرىم: «كارنېگ ئەپەندى، نېمە ئۈچۈن دۇنيادا قاباھەت بولىدۇ؟» دەپ نەچچە ئون قېتىم سورىغان. ئەمما شۇنچە كۆپ يىللاردىن بۇيان ھېچكىم مەندىن: «نېمە ئۈچۈن دۇنيادا ئاق كۆكۈللۈك مەۋجۇت؟» دەپ سوراپ باقمىدى. بىز پەقەت تەبىئىي يوسۇندا: «دۇنيانىڭ ماھىيىتى، ئەلۋەتتە، ئاق كۆكۈللۈك، نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇنى قاباھەت بۇلغىۋەتكەن، خالاس» دەپ مۇئەييەنلەشتۇرگەن ئوخشايمىز. ئەگەر بىز مەلۇم پەن بىلەن ئىپادىلىسەك، ئەمەلىيەتتە قاباھەتنى چۈشەندۇرۇش بىرقەدەر ئاسان. چۈنكى جىسىملارنىڭ بۇزۇلۇشى، چىرىشى فىزىكىنىڭ تەبىئىي قانۇنىغا ئۇيغۇن. تۇرمۇشتا بارا ـ بارا مۇرەككەپ شەكىل ۋۇجۇدقا كەلگەنسېرى ئۇنى چۈشىنىشمۇ شۇنچە قىيىنلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلاردا ئادەتتە يالغان سۆزلەش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە ئالداش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزىتەلەيمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇ پەقەت چوڭ بولۇپ ھەقىقىي سەمىمىي ئادەمگە ئايلانغاندا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ تارتىدىغان بولىدۇ، خالاس. شۇڭلاشقا ئادەتتە ھۇرۇنلۇق تىرىشچانلىققا قارىغاندا ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىپ «بۇ دۇنيا ماھىيەتتە قاباھەتلىك دۇنيا، ئۇ مەلۇم سەۋەبتىن سىرلىق يوسۇندا ئاق كۆكۈللۈكنىڭ ‹بۇلغىنىشى› غا ئۇچرىغان» دەپ قارىساق بىرقەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى مۇم-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىن. شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئاق كۆڭۈللۈكنى چۈشىنىش قاباھەتنى چۈشىنىشتىن تېخىمۇ قىيىن.

بىز مەلۇم شەيئىگە توغرا نام بەرسەك، ئۇنىڭدىن ئېنىشىپ چۈشىدىغان قەتئىي كۆچكە ئىگە بولىمىز. ئۇنىڭ توغرا نامىنى بىلگەندە، ھېچبولمىغاندا بۇ كۆچنىڭ بەزى قاتلاملىرىنى چۈشىنەلەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ مەۋقەيىمىز بىر بىخەتەر بازا، بىز ئۇنىڭ خاراكتېرىگە قىزىقىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ يادروسىغا پەيدىنپەي يېقىنلاپ بارالايمىز.

بىز قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ئىش قاباھەت بىلەن ئادەتتىكى جىنايەتنى پەرقلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئادەمدە قاباھەتلىك خاراكتېرنىڭ زاھىر بولۇشىنى ئۇلار ئۆتكۈزگەن جىنايەت كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، بەلكى بۇ جىنايەتنىڭ ئۆزىنىڭ سىرلىقلىقى، ئۇزلۇكسىزلىكى ۋە ئىزچىللىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى قاباھەتنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكى بۇ جىنايەتلەر ئەمەس، بەلكى بۇ جىنايەتلەرنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىش.

قەبىھ كىشىلەر بايلار بىلەن نامراتلارنى، تەربىيە كۆرگەنلەر بىلەن تەربىيە كۆرمىگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئالاھىدە يېرى يوق دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار جىنايىتى بېكىتىلگەن ئادەتتىكى جىنايەتچىمۇ ئەمەس. ئۇلار ئادەتتە ئاتالمىش «سالاپەتلىك پۇقرالار»نى، مەسىلەن، مىسسىئونېرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ساقچىلار، بانكىرلار ۋە مەكتەپنىڭ ئاتا - ئانىلار يىغىنىدىكى جۇشقۇن شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ زادى قانداق ئىش؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار قەبىھ بولىمۇ

جىنايەتچى دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇلمەيدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسى تۇ-
گۇنى «مۇئەييەنلەشتۇرۇش» دېگەن سۆزدە. ئەگەر ئۇلار ئۆت-
كۈزگەن «جىنايەت» تۇرمۇشقا ۋە ھاياتقا زىيان يەتكۈزسە،
ئۇلار جىنايەتچى دەپ قارىلىدۇ. ئاز ئۇچرايدىغان بەزى مى-
ساللارنى، مەسىلەن، گىتلېرنىڭ مىسالىنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا، ئۇلار بىر خىل ئالاھىدە سىياسىي كۈچكە ئىگە بو-
لۇپ، ئۆزىنى ئادەتتىكى چەكلىمىدىن خالاس قىلغاندا، ئۇلار
ئۆتكۈزگەن «جىنايەت» شۇنچە سىرلىق ۋە يوشۇرۇن بولى-
دۇكى، ئۇلارنى جىنايەتچى دەپ مۇئەييەنلەشتۇرگىلى بولماي-
دۇ.

مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت تۇرمىدە
تۇرغان ۋە تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەر بىلەن بىللە بولغانىدىم.
ئەمما مەن ئۇلارنىڭ قەبىھ ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئاساسەن
دېگۈدەك بايقىيالمىدىم. روشەنكى، ئۇلارنىڭ جىنايىتى بۇز-
غۇنچىلىق خاراكتېرى ۋە تەكرارلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە،
ئەمما ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى تەرتىپسىز ھالەتتە
بولىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقى چۈشەندۈرۈش شۇكى، ئۇلار ئادەتتە
مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەبىھ مۇد-
دىئاسىنى ئىنكار قىلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشى يەنىلا
ئوچۇق خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق خاراكتېرنى ئۇ-
لارنىڭ ئۆزى تېزلا كۆرسىتىپ بېرىشى مۇمكىن، چۈنكى
ئۇلار بىزنىڭ قولىغا ئېلىنىشىمىز تامامەن «راستچىل جىنا-
يەتچى» ئىكەنلىكىمىزدىن بولغان، دەپ قارايدۇ. ئۇلار سىز-
گە: «ھەقىقىي قاباھەت ئەمەلىيەتتە قانۇننىڭ جازاسىغا تار-
تىلماي ئەركىن يايراپ يۈرۈش» دەيدۇ. بۇنداق بايانات ئۆزد-
نى ئاقلاش بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئادەتتە توغرا

ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

تۇرمىدىكى كىشىلەر ئادەتتە روھىي كېسەللىكلەر بويىچە ئۆلچەملىك شەكىلدىكى تەكشۈرۈش، ئانالىز قىلىشتىن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دىئاگنوز قويۇشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ تەكشۈرۈش ۋە ئانالىزنىڭ مەزمۇنى خېلى ماس كېلىدۇ، كەسىپ ئەھلى بولمىغانلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ يىغىنچاقلىغان خاراكتېر غالجىرلىق، ھاياجان، تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئاڭدىكى كەمتۈكلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن ئۇچراتقان دېلولاردا بەزىلەرنى يۇقىرىقى روشەن كەمچىلىكلەر بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمىغان، روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇلىمىزدىكى ئادەت بويىچە ئايرىلغان تۈرلەرگە كىرگۈزۈشمۇ مۇمكىن بولمىغان. لېكىن بۇ، بۇنداق جىنايەتنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ پەقەت بۇنداق روھىي كېسەللىكلەرگە تېخى تەبىر بەرمىگەنلىكىمىزدىن بولغان.

قەبىھ ئادەم بىلەن ئادەتتىكى جىنايەتچىنى پەرقلەندۈرگەنىكەنمەن، قاباھەتنىمۇ ئوخشاشلا كىشىلىك خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك ۋە «قەبىھ ھەرىكەت» دېگەن ئىككى خىلغا ئايرىشىم مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قەبىھ ئادەمنىڭ قەبىھ ھەرىكىتى بولۇشى ناتايىن. ئۇنداق بولمىسا، بىز ھەممىمىز قەبىھ بولۇپ قالغان بولاتتۇق، چۈنكى بىز ھەممىمىز قەبىھ ئىشلارنى قىلغان.

جىنايەتكە كەڭ مەنىسى بويىچە «ئۆلچەمنى يوقىتىش، نورمال ھالەتكە خىلاپلىق قىلىش» دەپ تەبىر بېرىشىمىز مۇمكىن. بۇ ھەر قېتىم قارىغا تەگكۈزەلمىگەندە جىنايەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا

دا، بىز مۇكەممەل ئوبرازىمىزنى داۋاملىق ساقلاپ قالالمى-غاندا، جىنايەت ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بىز ھەممىمىز جىنايەتچى. بىزدىكى ئادەتلەردە ھامان ئۆزىمىز ئەڭ تونۇش-لۇق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. ھەربىر مەغلۇبىيەتكە ياندىشىپ بىر خىل جىنايەت شەكلى — ئەگەر قانۇنغا روشەن خىلاپ بولمىسا، خۇداغا ئاسىيلىق قىلىش، قولۇم - قوشنىلىرىمىزغا ئاسىيلىق قىلىش، ئۆزى-مىزگە ئاسىيلىق قىلىش قاتارلىق جىنايەت شەكىللىرى كې-لىپ چىقىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، جىنايەتنىڭ ناھايىتى ئېغىر ياكى ناھايىتى يېنىك دېگەن دەرىجە پەرقى بولىدۇ. ئەمما، «جىنا-يەتنى تەرتىپ بويىچە تۈرگە ئايرىغىلى بولىدۇ» دەپ قاراش ئەمەلىيەتتە خاتا. باينى ئالداش كەمبەغەلنى ئالدىغاندەك كى-شىنى بىزار قىلماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئۇمۇ يەنىلا بىر خىل ئالدامچىلىق ھەرىكىتى. قانۇن ئالدىدا سودا جەھەتتىكى ئالدامچىلىق ھەرىكىتى، باج تاپشۇرۇش تالونىدا تۇتۇپ قې-لىنىدىغان سوممىنى يالغان مەلۇم قىلىش قىلمىشى، خوتۇ-نىڭىزغا سادىق بولمىغاندا ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىمىسەم بول-مايدۇ دەپ يالغان سۆزلىشىڭىز ياكى تېلېفوندا دوستىڭىز بىلەن بىر سائەت پاراڭ سېلىشقان تۇرۇقلۇق، ئېرىڭىز (ياكى ئۆزىڭىز) غا كىيىم يۇيۇش دۇكىنىدىكى كىيىمنى ئەكېلىشكە ۋاقىت چىقىرالمىدىم دېيىشىڭىز قاتارلىق جىنا-يەتلەر ئوتتۇرىسىدا جەزمەن پەرق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلى-رىنىڭ بىرقەدەر ئاسان ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىنىمۇ كۆرىمىز (ئەھۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ)، ئەمما، ئەمەلى-يەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالغانچىلىق ۋە ئاسىيلىققا كىرى-

دۇ. ئەگەر مەن ناھايىتى ئەخلاقلىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىندىن بۇيان ئۇنداق ئىشنى پەقەت قىلمىدىم دەپ قارىسىڭىز، ئۇ ھالدا ئوبدان ئويلىنىپ ئۆزىڭىزدىن: «مەن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزۈمنى مەلۇم ئۇسۇل بىلەن ئالدىدىممۇ؟ ئۆزۈمنى گوللىمىدىممۇ؟ ھەتتا ئۆزۈم خالىمايدىغان ئىشنى قىلمىدىممۇ، يەنى ئۆز - ئۆزۈمنى ئالدىمىدىممۇ؟» دەپ سوراپ بېقىڭ. ئۆزىڭىزگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش ئۆزىڭىز ئۆتكۈزگەن جىنايەتنى بايقىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنى چۈشىنەلمىسىڭىز، بۇ ئۆز - ئۆزىڭىزگە تولۇق سەمىمىي بولمىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ، ھالبۇكى، بۇنىڭ ئۆزى بىر خىل جىنايەت. جىنايەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ؛ بىز ھەممىمىز جىنايەتچى.

قەيەر ئادەمگە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى ياكى ئۇ ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ ئېغىر لىقىغا ئاساسەن تەبىر بېرىش مۇمكىن بولمىغاندا، ئۇلارغا زادى قانداق تەبىر بېرىشىمىز كېرەك؟ جاۋاب شۇكى، ئۇلارنىڭ جىنايىتىنىڭ ئىزچىللىقىغا قاراپ تەبىر بېرىش كېرەك. قۇۋلۇق، ئىگىلىگىلى بولمايدىغان ئالاھىدىلىك تۇپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئادەتتە روشەن ئىزچىللىققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى «چېگرىدىن ھالقىغان» كىشىلەر بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى ئۇلار جىنايىتىنى ئېتراپ قىلىشنى مۇتلەق رەت قىلىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، ئۆزىمىزنىڭ جىنايىتىنى سېزىشىمىز ۋە ئېتراپ قىلىشىمىزلا جىنايەتكە ۋە چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ مېڭىشىمىزنى توسۇپ قالالايدۇ.

كىشىلەردىكى قاباھەتنىڭ تۈرى ئەمەلىيەتتە خىلمۇخىل بولىدۇ. كىشىلەر ئۆزىنىڭ جىنايەت تۇيغۇسىنى قوبۇل قى-

لىشتىن باش تارتقاندا، بۇنىڭدىن شۇنداق نەتىجە تۇغۇلىدۇ.
كى، قاباھەتكە تەۋە قىسىم قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان جى-
نايەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مېنىڭ تەجرىبەمدىن
قارىغاندا، بۇلارنىڭ تولىسى ئاچ كۆز كېلىدۇ. ئۇلار شۇ
سەۋەبتىن شۇنچە پەسكى، ئۇلارنىڭ «تۇغما قابىلىيىتى» مۇ
يوقۇقا چىقىشى مۇمكىن. مەن «ئاھالىسى شالاڭ جايغا سە-
پەر» دېگەن ئەسىرىمدە ھۇرۇنلۇقنىڭ ئەڭ ئاساسىي جىنايەت
ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدىم. بۇ كىتابىمنىڭ كېيىنكى ئاب-
زاسلىرىدا مەغرۇرلۇقنىمۇ ئەڭ ئاساسىي جىنايەت دەپ قا-
راشنى تەكلىپ قىلىشىم مۇمكىن، چۈنكى ھەرقانداق جىنا-
يەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولىدۇ، پەقەت مەن بىگۇناھ
دەپ ئىشىنىدىغان گۇناھنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ.
ئەمما قايسى جىنايەت ئەڭ ئېغىر دېگەن مەسىلە مەلۇم دەرى-
جىدىن ئېيتقاندا، ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق مۇنازىرە، خا-
لاس. ھەممە جىنايەت بىزنى خۇداغا ۋە ئىنسانلار دۇنياسىدى-
كى قېرىنداشلىرىمىزغا ئاسىيلىق قىلدۇرىدۇ، يېتىم ھالەت-
كە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. خۇددى بىر تەقۋادار مۇرىت كۆرسەت-
كەندەك، ھەرقانداق جىنايەت «دوزاخقا كىر گۈزگۈدەك ئې-
غىر.»

مەن ئېيتقان قەبىھ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدى-
لىكى پرويېكسىيە قىلىدىغان (ياكى دۆڭگەپ قويىدىغان)
ئوبيېكتنى ئىزدەش بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ نەزىرىچە،
ئۆزلىرى ئەيىبلەنمەسلىكى كېرەك، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە
سوئال قويغان ھەرقانداق ئادەمگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلى-
دۇ. ئۇلار ئادەتتە باشقىلارنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۆز-
لىرىنىڭ مۇكەممەل ئوبرازىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن، ئالتە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ياشتىكى ئوغۇل بالا دادىسىدىن: «دادا، مومامنى نېمە ئۈچۈن ئازازۇل دەيسىز؟» دەپ سورىغاندا، دادىسى چېچىلىپ: «چىشىمغا تەگمە دېگەنىدىمغۇ!» «مانا ئەمدى ئەدىبىڭنى يەيسەن. ساڭا بۇنداق پاسكىنا سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكنى ئۆگىتىپ قويىمەن، ئاغزىڭنى سوپۇنداپ يۇيۇپ قويىمەن. شۇنىڭ بىلەن خاتا سۆزلىرىڭنى يىغىشتۇرۇۋېلىشنى، زۆرۈر تېپىلغاندا ئاغزىڭنى يۇمۇشنى ئۆگىنىپ قالارسەن!» دەيدۇ. دادىسى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بالىسىنى يۈز يۇيىدىغان كۆلچەك يېنىغا سۆرەپ بېرىپ جازالايدۇ. بىز بۇ يەردە يۈز بەرگەن قاباھەتنى «مۇۋاپىق تەربىيىلەنگەن» جىنايەت دەپ ئاتايمىز.

جاۋابكارلىقنى دۆڭگەپ قويىدىغان بۇنداق جىنايەت ئائىلىدە پسىخىكىلىق ئانالىز ئالىملىرى ئېيتقان «پروييېكسىيە» رولى ئارقىلىق يۈز بېرىدۇ. قەبىھ ئادەم ھېچقانداق سەۋەنلىكىم يوق دەپ قەيت قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر توقۇنۇش كېلىپ چىققاندا، ئۇلار توقۇنۇش كېلىپ چىققانلىقىنى يەنىلا باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى دەپ دۆڭگەپ قويىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئىنكار قىلغاچقا، باشقىلار خاتالاشتى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى باشقىلارغا «پروييېكسىيە» قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى مەڭگۈ جىنايەت ئۆتكۈزدۈق دەپ قارىمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ جىنايىتىنى كۆرىدۇ. يۇقىرىقى مىسالدىكى دادا يالغۇز ئوغلىنى پاسكىنا، ھۆرمەتسىز سۆز ئىشلەتتى دەپ، بالىسىغا ھەردەكەت قوللانغان، بالىسىنىڭ «پاسكىنىلىقى»نى يۇيۇپ تازىلىماقچى بولغان. لېكىن بۇ دادىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆرمەتسىز-

لىك قىلغانلىقى بىزگە ئايان. بۇ دادا ئۆزىنىڭ پەسكەشلىكىنى ئوغلىغا پروپېكسىيە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى «ياخشى ئاتا - ئانا تەربىيىسى» دېگەن نام بىلەن ئوغلىنى ھاقارەتلىگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، جىنايەت ئادەتتە دۆڭگەپ بالاغا تىقىپ قويىدىغان ئادەمنى تېپىش مەقسىتىدە سادىر قىلىنىدۇ، ھالبۇكى، مەن جىنايەتچى دەپ ئاتىغان كىشىلەر ئادەتتە كونا ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان دۆڭگەپ قويغۇچىلاردۇر. مەن «ئاھالىسى شالاڭ جايغا سەپەر» دېگەن كىتابىتا جىنايەتكە مۇنداق تەبىر بەرگەنىدىم: «جىنايەت سىياسىي كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ، يەنى روھىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشتىن... قېچىپ، ئوچۇق ياكى ئاستىرتىن بېسىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئالدايدۇ.» باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جىنايەتچىلەر ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ئورنىغا باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش ئۆزىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلغان ئەھۋالدىلا داۋام قىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئېھتىياجنى ئېتىراپ قىلمىساق، ئۆزىمىزدىكى مۇكەممەلسىزلىكنىڭ ئىسپاتلىرىنى يوقىتىۋېتىشتىن باشقا يول تاپالمايمىز.

كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر جىنايەتنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى تولۇپ تاشىدۇ. بۇ مەسىلە ئۇلارنىڭ جىنايەتتىكى مۇھىم نۇقتىنى خاتا ئورۇنغا قويۇپ قويۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقىلارنى نابۇت قىلغىنىدىن كۆرە، ئۆزىدىكى ئىچكى كېسەللىك مەنبەسىنى تۇ-

www.uyghurkitap.com

گەتكىنى تۇزۇك ئىدى. ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ مۇكەممەل ئوبرا-زىغا ھەمىشە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ دەپ قارىغاچقا، دائىم ھەق-قانىيەت نامى بىلەن تۇرمۇشتىن نەپرەتلىنىدۇ، تۇرمۇشنى يوقىتىدۇ.

مەن ئېيتقان جىنايى قىلمىشنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، يەنى جاۋابكارلىقنى دۆڭگەپ قويىدىغان جىنايەت ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىگە نەپرەتلەنمەسلىكىدىن، شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىگە نارازى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ دېيىش مۇمكىن، ئەمما بۇنداق ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى زادى نېمە؟ مەن بۇنىڭ سەۋەبى ئاڭنىڭ كەملىكى ئەمەس دەپ ئويلايمەن. مەيلى تۇرمىدە بولسۇن، ياكى تۇرمە سىرتىدا بولسۇن، بەزد-لەردە ئاڭ ياكى ئۆز - ئۆزىدىن (گۆدەكلىك دەۋرىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ياكى ئۇستازلىرىنىڭ تەربىيىسى ياكى تەلىمى بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالغان ئاڭسىز ۋىجداندىن) ھالقىش كەمدەك كۆرۈنىدۇ. روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى ئۇلارنى روھىي كېسەل ياكى جەمئىيەتكە قارشى تۇرغۇچى (ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمايدىغان روھىي ھالىتى ئۆزگىرىپ كەتكۈچى) دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ بىگۇ-ناھلىقى شۇكى، ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزۈپلا قالماستىن، بەل-كى ھەمىشە ئۆزىنى قاراملىق بىلەن، ئاقىۋىتى بىلەن ھېساب-لاشماي بولۇشقا قويۇۋېتىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ تىپى ياكى ئەھمىيىتى يوق دېيەرلىك؛ شۇنداقلا جاۋابكارلىقنى ئەتەي دۆڭگەپ قويۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە ئەمەس. ئاڭسىز ئەھۋالدا، روھىي كېسەللەر ئاسان قايغۇرمايدۇ ياكى پەرىشان بولمايدۇ، جەم-

لىدىن ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشىغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار مەيلى تۈرمىدە بولسۇن، ياكى تۈرمە سىرتىدا بولسۇن، ئوخشاشلا خۇشال ـ خۇرام كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنسىمۇ، لېكىن تىرىشچانلىقى كۆپ ھاللاردا ئاجىزلىق، بىپەرۋالىق، شاللاقلىق تۈسىنى ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بەزىدە «ئەخلاق جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلار» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلاردا كەم بولغان قايغۇ ياكى غەمخورلۇق گويا بىر خىل گۇناھسىزلىق، گۆدەكلىك خاراكتېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالنىڭ مەن ئېيتقان جىنايەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېيەرلىك. جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇكەممەل ئوبرازىنى ساقلاشقا جېنىنى پىدا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئەخلاق جەھەتتە پاك دېگەن تاشقى كۆرۈنۈشنى ساقلاش ئۈچۈن پايپېتەك بولىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئۆلچىمىگە ياكى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىغا بەك سەزگۈر كېلىدۇ. ئۇلار ئادەتتە رەتلىك كىيىنىدۇ، ۋاقتىدا ئىشقا بارىدۇ، باج تاپشۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە مۇنازىرە قىلغۇدەك ياكى تەنقىد قىلغۇدەك يېرى يوقتەك كۆرۈنىدۇ.

«ئوبراز»، «تاشقى قىياپەت» ۋە «تاشقى كۆرۈنۈش» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر قەبىھ ئەخلاقنى چۈشىنىش ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. قەبىھ ئادەمدە ياخشىلىق قىلىش مۇددىئاسى كەم، شۇڭا ئۇلار مۇكەممەل دەپ قارىلىشقا بەك تەقەززا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ «ئاق كۆڭۈللۈكلۈكى» نى ياسالما دېيىش مۇمكىن. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر يالغان سۆز. ئۇلارنىڭ «يالغان-

چى» دەپ قارىلىشىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ.

ئەمەلىيەتتە، يالغان سۆزلەشتىكى مەقسەت باشقىلارنى ئالداش دېگەندىن كۆرە، ئۆزىنى ئالداش دېگەن تۇزۇك. ئۇلار ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلەش ئازابىغا چىدىمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىغا سالاپەتلىك، سالماق رەسىم - يوسۇن بىلەن يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە بۇنداق ئەدەپ-قائىدىنى ئەينەك قىلىپ، ئۇنىڭدا كۆرۈنگەن ئوبرازىنى ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئەگەر قاباھەت ھەققىدە توغرا ياكى خاتا دېگەن قاراش بولمىسا، ئاتالمىش ئۆز - ئۆزىنى ئالداش ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قالىدۇ. بىز قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان بەزى ئىشلارنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغاندىلا يالغان سۆزلەيمىز. يالغان سۆزلەشتىن ئىلگىرى جەزمەن يېتىلمىگەن شەكىلدىكى بىر خىل ئاڭ كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى بىز ئاۋۋال بەزى ئىشلارنى يوشۇرماقچى بولىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يالغان سۆزلەيمىز.

بىز ھازىرغىچە پەقەت خاتادەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە توغرا بولغان مۇھاكىمىنىلا ئاڭلىدۇق. مەن قەبىھ كىشىلەرنىڭ ئادەتتە ئۆزىنى مۇكەممەل دەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدىم. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇلار «ئەتراپتىكى كىشىلەر قەبىھ تەبىئىتىمىزگە دىققەت قىلمىدى» دەپ ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «دىققەت قىلمىدى» دېگەن بۇ ھېسسىيات ئۇلارنى تەلۋىلەرچە قېچىشقا ئۇرۇنۇشقا ئۈندەيدۇ. قاباھەتنىڭ ئاساسىي تەركىبىي ئاملى جىنايەت تۇيغۇسى ياكى مۇكەممەللىك تۇيغۇسىنىڭ كەملىكى ئەمەس، بەلكى بۇ تۇيغۇلارغا يول قويۇش ئارزۇسىنىڭ كەملىكىدىن ئىبارەت. قاباھەت ئۆزىنىڭ مەۋ-

جۇتلۇقىنى سىزىش پۇرسىتىگە ئىگە بولسىمۇ، بۇنداق سىزىش تۇيغۇسىدىن جىنىنىڭ بارىچە قاچىدۇ. قەبىھ كىشىلەر روھىي كېسەللەرگە ئوخشاش ئەخلاق تۇيغۇسى كەملىكىنىڭ شادلىقىغا چۆمۈشتىن كۆرە، ئۆز ئىچىگە يوشۇرۇنغان قاباھەت دەلىللىرىنى تولۇق يوقىتىۋېتىشنى خالايدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاڭنىڭ كەملىكىدە ئەمەس، بەلكى ئاڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئىنكار قىلىشتا. ئادەمدىكى قاباھەت ئۆزىنىڭ مەلۇم ئىشىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ. قاباھەتنىڭ رەزىللىكى بىۋاسىتە شەكىللەنمەيدۇ، ئۇ يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش جەريانىدا ۋاسىتىلىك كېلىپ چىققان بىر بۆلەك. شۇڭا، قاباھەت جىنايەت تۇيغۇسىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، بەلكى جىنايەت تۇيغۇسىدىن قېچىشقا ئۇرۇنۇش نىيىتىدىن كېلىپ چىقىدۇ دەپمۇ ئېيتالايمىز.

ئەگەر بۇنداق ئەھۋال دائىم يۈز بېرىۋەرسە، ئۇ ھالدا قاباھەتنى ئۆزىنىڭ نىقابى پەرق ئېتىۋېلىشى مۇمكىن. قاباھەت ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىلگىرى يالغانچىلىق ئېچىپ تاشلىنىشى مۇمكىن. بىز كۆلكىگە يوشۇرۇنغان دۈشمەنلىكنى، مۇغەمبەرلىك، خۇشامەتچىلىك يېپىپ تۇرغان غەزەپنى، يۇمشاق پەلەي كىيدۈرۈپ قويۇلغان مۇشتنى كۆرەلەيمىز. ئۇلار نىقابلىنىشقا شۇنچىلىك ئۇستىكى، قەبىھ سۇيىقەستنى ئېچىپ تاشلاش خېلىلا قىيىن. بۇنداق ساختىلىقنى ئادەتتە ئاسانلىقچە بىلىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەمما بىز يەنىلا بەزى ئالامەتلەرنى كۆرۈۋالالايمىز، يەنى «ئادەم ئۆزىنىڭ روھى بىلەن قاراڭغۇ جايدا مۆكىمۆكىلەك ئوينىغاندا ئۈستىلىــق بىلــەن بىر ـ بىرىدىن قــاچىدۇ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ـ بىرىنى قوغلايدۇ.»

مەن «ئاھالىسى شالاڭ جايغا سەپەر» ناملىق كىتابتا ھۆرۈنلۈق ياكى «بەزى پەرىشانلىقلار» دىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىنىڭ مەنبەسى ھەرخىل روھىي كېسەللىكلەردۇر، دەپ كۆرسەتكەنىدىم. بۇ يەردە ئازابنى يېپىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مەسىلىسىنىمۇ مۇھاكىمە قىلىمىز. قاباھەت بىلەن روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان جىنايەتچىلەرنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟ بىز قاباھەتنى ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى قاچۇرغان ئالاھىدە شەكىلدىكى ئازاب ئارقىلىق پەرقلەندۈرسەك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قەبىھ ئادەم ئومۇمەن ئازابتىن قاچقۇچى ياكى ھۆرۈن ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇكسەك ئىجتىمائىي ئورۇندىكى ئوبرازغا ئىگە بولۇشنى ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشنى بەكمۇ خالايدۇ. ئۇلار بۇنداق ئورۇننى خالاپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا تەشنا بولىدۇ، ھەر خىل قىيىنچىلىقتا قارىماي ئۇنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار پەقەت بىر خىل ئازابقا، يەنى ئۆزىنىڭ ئېڭىدىكى ئازابقا، ئۆزىنىڭ جىنايىتى ۋە نۇقسانلىرىنى چۈشىنىش ئازابىغا چىداپ تۇرالمايدۇ.

ئۇلار ئويلىنىشتىن كېلىدىغان ئالاھىدە ئازابتىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قۇتۇلىدىغان بولغاچقا، روھىي داۋالاش ئۇسۇلىنى ئەڭ قوبۇل قىلمايدىغانلاردىن بولۇپ قالىدۇ. قاباھەت يورۇقلۇقتىن ئەڭ يىرگىنىدۇ، چۈنكى ئاق كۆڭۈللۈك چىرىغىدا ئۇلار ھېچ يەرگە يوشۇرۇنالمايدۇ، ھېچنېمىنى كۆزىدىن قاچۇرمايدىغان چىراغ ئۇلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلايدۇ، ھەقىقەت چىرىغى بولسا ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئېنىق بىلىۋالىدۇ. ھالبۇكى، روھىي داۋالاش

ئۇسۇلىنىڭ تەرتىپىنى چىراغ نۇرىنىڭ تارقىلىش كۈچى بى-
لەن ئوخشاش دېسە بولىدۇ. قەبىھ ئادەم مۇرەككەپ ۋە
غەيرىي نورمال غەرەزدە بولمىسىلا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولى-
دىغان باشقا ھەرقانداق چارىنى تاللاشنى خالايدۇكى، روھىي
كېسەللىك ۋراچلىرىدىن ياردەم سورىمايدۇ. چۈنكى روھىي
ئانالىز ئۇلاردىن ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش مىزانلىرىغا تىز
پۈكۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## ئىچكى بۆلۈنۈشىمىزنى ئېنىق تونۇشىمىز كېرەك

روھىي پەنلەر ئالىمى سىكوت پېك مۇنداق دېگەنىدى:
«قاباھەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي كەمچىلىكى ئۇنىڭ جىنايەت ئى-
كەنلىكى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ
قىلىشتىن باش تارتىشتۇر.» بىز مەسىلىدىن ئۆزىمىزنى
قاچۇرساق، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئارقىمىزدىن ئۇشتۇمتۇت
ھۇجۇم قىلىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ نۇقسانلىق ئەخلاق ھالىتى-
نى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقىي كۈچكە ئىگە بولساق، يالما-
ۋۇزنىڭ كاشىلىسىدىن قۇتۇلالايمىز.

موربى دېكىنىڭ يەنە بىر سېلىشتۇرما ھېكايىسىدىن كۆ-
رىمىزكى، ياخنىڭ ئاق كىت ئۇستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدى-
نىشى ئۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ سىمۋولى بولسا، جوزېف كېر-
نېرنىڭ «سىرلىق قاتناشقۇچى» دېگەن رومانى تىنچلىقنىڭ
سىمۋولى بولغان. كېيىنكىسىمۇ ئوخشاشلا بىر پاراخوت
باشلىقىنىڭ ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇقنى قانداق بىر تەرەپ قىل-
غانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىدۇر.

ئېسو ھاردىڭ جۇنگى نەزەرىيىسىنىڭ يەنە بىر ئانالىز-چىسى. ئۇ كېرنېرنىڭ رومانىنى «قاراڭغۇلۇق ھەققىدىكى نۇتۇق دەپ قاراش مۇمكىن» دەپ ھېسابلايدۇ. ھېكايىدىكى «سىرلىق قاتناشقۇچى» بولسا پاراخوت باشلىقى قاراپ تۇر-غان ئەھۋالدا قىپيالىڭاچ پېتى پاراخوتقا چىقىپ كايۇتاغا كىرگەن يوچۇن ئادەم. بۇ يوچۇن ئادەم ئەمەلىيەتتە يەنە بىر پاراخوتنىڭ باشلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قول ئاستىدىكى بىر ھۇرۇن ماتروسنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. پاراخوت باشلىقى بۇ يو-چۇن ئادەمنى يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئەسلىدە تىنچ بولغان بۇ پاراخوتقا خەۋپلىك ۋە ئەنسىز كەيپىيات يوشۇرۇن-غان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئاچقۇچلۇق پەيتتە، بۇ پارا-خوت باشلىقى ئۆزىنىڭ سىرلىق ھەمراھىغا ئوخشاش، زور-لۇق كۈچ توقۇنۇشىغا دۇچ كېلىشكە تاس - تاماس قالغان. ھاردىڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: بۇ پاراخوت باشلىقى ئۆزد-ىنىڭمۇ قاتىللىق جىنايىتىنى ئۆتكۈزۈش مۇمكىنلىكىنى چۈ-شەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى جىددىيلىك ھالىتى پەسىيىدۇ. خۇددى ئەسلى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەندەك: «... دەل شۇ چاغدا، قارا كۆلەڭگىگە ئوخشاش بۇ ئەر ئۆز ۋاقتىدا شۇنچە سىرلىق يېتىپ كەلگىنىدەك، تۇيۇقسىز دې-ڭىزغا قايتتى، بىزمۇ بۇ پاراخوتنى قاپلىۋالغان غەلىتە كەي-پىيات ۋە سىناقتىن ئۆتمىگەن پاراخوت باشلىقىنىڭ ئاخىر پەسكويغا چۈشكەنلىكىنى سەزدۇق، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مەيىن شامالدا قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى.» ئەگەر بىز قابا-ھەتنى ئەسلىي جايىدا قالدۇرۇۋەرسەك، بىزنىڭ پاراخوتىمىز ياخنىڭ پاراخوتىغا ئوخشاش جەزمەن ھالاكەتكە قاراپ ماڭى-دۇ. بىز قاباھەتنىڭ ئىچىمىزدە قېلىۋېرىشكە بولىدىغانلىقى-

نى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن تىنچ بىللە ئۆتەلەيمىز، پاراخوتىمىز ئاندىن بىخەتەر يۈرەلەيدۇ. خۇددى دۈشمىنىمىز بولغانغا، يەنە كېلىپ بىزنى تەھدىت سېلىپ قىستىغانغا ئوخشاش، قاباھەتمۇ ئەلۋەتتە مەۋجۇت. لېكىن، خۇددى ئۇرۇش ئىنسانىيەت جەمئىيىتى سىستېمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىدا دەۋر قىلىپ يۈز بەرگەنگە ئوخشاش، تىنچلىقمۇ بۇ ئايلانمىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە يۈز بېرىدۇ. مەيلى توخۇ تۇخۇ تۇغسۇن، ياكى تۇخۇمدىن چۈجە چىقسۇن، يېڭى ھايات جەزمەن باشلىنىدۇ. خۇددى پارچە - پۇرات دۇنيا سىستېمىسىدا ساقلانغۇسىز جاراھەتنىڭ بىزنى ئەسەبىيلەشتۈرگەنلىكىگە ئوخشاش، ئەس - ھوشىمىزنىڭ جايىدا بولۇشىغا تۆرتكە بولىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت تېخىمۇ پۈتۈن بولغان دۇنياۋى قانۇنىيەتنى تېكلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر روھىمىزدىكى ماسلاشماسلىقنى تونۇگەتسەك، بۇ بىزنى خەۋپلىك تەقدىرگە مەھكۇم قىلغان بىتەرەپ چېگرىدىن قەدەم تاشلاپ چىقىشىمىزغا چوڭ ياردەم بېرىدۇ.

تۆۋەندە يەھۇدىي دىنىدىكى خاسىد مەزھىپىنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىمىز.

بىر راببى (يەھۇدىي دىنى ئۇستازى) نىڭ ئوغلى سەببات كۈنى قوشنا بازارغا بېرىپ ئىبادەت قىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆيىدىكىلەر: «ئۇ يەردىكىلەرنىڭ قىلىدىغىنى بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردىكىنىڭ پەرقى بارمىكەن؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ ئوغۇل: «ئەلۋەتتە بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭدىن نېمە ساۋاق ئالدىڭ؟» «دۈشمىنىڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي.» «ھە، ئۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا، بىزنىڭ دېگەنلىرىمىز بىلەن ئوخشاش ئىكەن ـ دە. سەن نېمىشقا باشقىچە تەلىم ئالدىم دەيسەن؟» «چۈنكى ئۇلار ماڭا ئىچكى دۈشمىنىمىزنى سۆيۈشنى ئۆگەتتى.»

ئىچكى دۈشمىنىمىزنى سۆيۈش بۇ دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى سۆيۈش «بۇ دۈشمەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشىلايدۇ» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. قاباھەت يالماۋۇزدەك چاپلىشىۋېلىشنى توختاتقاندا، بىز ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. بۇ دەرھال بىر خىل ئازابلىق مەنىۋى ۋەزىپىگە ياكى كۆڭلىمىزنى ئەمىن قىلىدىغان پۇرسەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ دائىم ئۇنىڭ نامايان قىلىدىغان كەمتەرلىك ھالىتى.

قاراڭغۇلۇقنىڭ يادروسى ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنىڭ ماھىيىتى. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ۋەھىمىلىك، ئەڭ بۇزغۇنچى تەرەپىمىزگە يالماۋۇزدەك چاپلىشىۋالغاندا، گويا باشقىچە غەلىتە مەخلۇققا ئايلىنىپ، بىز بىلەن زادى مۇناسىۋىتى بولمىغان نەمۇنىنى كۆرسەتكەندەك، چەكسىز شاد ـ خۇراملىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئىلگىرى بىر نېمىس مۇندداق دەپ قارىغان: بىز ناتسىستلارنىڭ ياكى بۇملېر (1900 — 1945 ـ يىللار، ناتسىستلارنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق كاتتىۋېشى) نىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇرۇنساقمۇ ئاخىر مەغلۇپ بولىمىز، «چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار ساراڭنى چۈشىنىشى كېرەك». گېرمانىيىلىك بىر مۇخبىر بىر قەدەر ئاقىلانە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ ئۆز مەملىكەتدىكىلەرنى: «بىز ئىلگىرى گىتلېرنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ

كەمچىلىكىنى بىلەتتۇق. ئۇنى ھازىرمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى-
مىز كېرەك» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان. بىز ئەينەك ئالدىدا پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا، چاپلىشىۋالغان يالماۋۇزنىڭ تەسىرىدە، كۆڭلىمىزدىكى ساختا ئىنچىلىقنى يايقايمىز. ھالبۇكى، ھەقىقەتەن يالماۋۇزغا ئوخشايدىغان دۈشمەن جىسمىنىڭمۇ بىزنىڭكىگە ئوخشاش گۆشتىن تۈزۈلگەنلىكىنى تونۇۋېلىشلا ھەقىقىي ئىنچىلىق يولىغا باشلايدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى.

بىزنىڭ ئىچكى ئىختىلاپىمىز بىزنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قاباھەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا زىچ باغلىنىشلىق قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ بىر خىل جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرىلەپ چۈشەنسەك، يەنە بىر خىرىسقا دۇچ كېلىپ، ئۆزىمىز قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان ئىنچىلىقنى كونكرېتلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يېڭى ئەخلاقىي كۈچ ئىزدەيمىز. ئەخلاق راۋاجلىنىپ ئۇرۇش شەكلىگە بېرىپ يەتكەندە، ئۆزىمىز قوللىغان بىر تەرەپنى تاللاشقا مەجبۇر بولىمىز. ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ بىر قىسمى دەپ ئېتىراپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر تەرەپ بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ئۈزىمىز. بىز مۇشۇنداق ئۇرۇشقا ئوخشاش يول ئارقىلىقلا ئۆزىمىزدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىنتايىن خەۋپلىك ھالەتتىكى بوشلۇق ئۈستىدە تۇرىمىز.

بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا «ئىنچىلىققا كېلىشتۈرگۈچىلەر» دائىم ئۇرۇش پەيدا قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئەخلاقنىڭ تىپىك نەمۇنىسى بولىدۇ. ئىنچىلىق يۈزلىنىشى ھۆكۈم سۈرگەن ۋەزىيەتتە، ئۇرۇشنى تەرغىب قىلغۇچىلار خۇددى يالماۋۇز چاپلىشىۋالغاندەك، بومبىنىڭ ھەۋەسكارلىرىغا ئايلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىپ قىلىشى مۇمكىن، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بولغان «بىز» بولساق تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىمىز؛ بۇ خۇددى ئۇرۇشنى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ بىزنى ھەقىقىي خەۋپتىن ئامان ساقلاپ قالماقچى بولغانلىقىغا، شۇنداقلا «تىنچلىقپەرۋەر» بولغان بىزنىڭ ئۆز ئۇستۇنلۇكىمىز تالىشۋالغان دۇشمىنىمىزدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى نامايان قىلماقچى بولغانلىقىمىزغا ئوخشايدۇ. تىنچلىق بايرىقى ئاستىدا، ئۇرۇشنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

ئېرىك ئېرىكسون «گەندىنىڭ ھەقىقىتى» دېگەن كىتابىدا تىنچلىق بەرپا قىلىش يولىغا بەزى ئەخلاق قاپقانلىرىنىڭ كۆمۈپ قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. بۇ ئەسەردە گەندى ھەقلىق يوسۇندا ئىدىيەۋى ئېقىم قەھرىمانى دەپ قارالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە زورلۇق كۈچ تۈزۈمىدىن تولىمۇ مۇۋاپىق ھالقىپ ئۆتتى. شۇڭا، ناھايىتى روشەنكى، گەندى ماختاشقا ۋە قەدىرلەشكە مۇناسىپ، ھالبۇكى، ئېرىكسوننىڭ ئەسىرى بۇ رەھمەتنى ئىپادىلىگەن: ئۇ كۆڭۈلدىكى ساددىلىقنى كونكرېتلاشتۇرۇلغان گەندىگە سىڭدۈرگەن؛ ئۇ بىزگە دۈشمەنلىرىمىزنى ئىبلىسلاشتۇرماسلىقىمىز، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ھېسداشلىق قىلىشىمىز كېرەك، دەپ تەلىم بەرگەن؛ ئۇ بىزگە زەربە ياكى بالايىئاپەت ئالدىدا چېكىنمەستىن، ئۇلارغا قەھرىمانلارچە ئاكتىپلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا، زورلۇقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

لېكىن، گەندىنىڭ قارىشىدا گۇمانلىق تەرەپمۇ بار، بۇنى ئېرىكسوننىڭ گەندىگە يازغان ئوچۇق خېتىدىن كۆرۈ-

ۋالغىلى بولىدۇ. بۇ گۇمانلىق قاراڭغۇلۇق ئاساسەن گەندى-نىڭ ئەخلاق مۇكەممەللىكىگە ئىنتىلىشتىكى ئېشىپ كەتكەن قىزغىنلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئېرىكسوننىڭ نەزىرىچە، گەندى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر خىل زورلۇق كۈچ مۇناسىۋىتىدۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇرۇش-تا گەندىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن تىرىشچانلىق ۋە ھەر-كەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆزى بىلەن ئۇ ئەڭ يېقىن، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان خەلق ئوتتۇرىسىدا بىر خىل مۇستەبىت-لىك، ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتى پەيدا قىلغان. ئېرىك-سون گەندىنىڭ ئەۋلىيالىق ئورنىغا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى-دىن بىزنى زورلۇقنىڭ ئايلانمىسىغا چۈشەپ قويىدىغان تۇ-زاقنى پەرق ئېتىۋالغان.

ئېرىكسوننىڭ گەندىگە يازغان ئوچۇق خېتىدە، ئۇ غەي-رىي زورلۇق كۈچ مەسلىكى ئۇسۇلىنى «ئۆزىمىز ‹ قەبىھ › دەپ قارىغان ئىشقا تەتبىق قىلمىساق، شۇنداقلا تەبىئىي ئىقتىدارىمىزدىكى قانائەتلىنىشتىن ۋەھىمە قىلمايدىغانلا بول-ساق، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋە-تىنى ئىزدەشتە ئىنتايىن ئاز پۇرسەتكە ئىگە بولىدۇ، چۈنكى ئۇنداق كۆزقاراش بولمىسا، كىشىلەر فۇنكسىيىلىك ھالدا ئالاقزادە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى ھەسسە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئېرىكسوننىڭ مۇنازىرىسىدىن كېلىپ چىققان نۇق-تىئىنەزەر يەنىلا گەندى بىلەن ئۇنىڭ خاراكتېرى ئوتتۇرىسى-دىكى ئۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭدىكى پروپېكسىيىنىڭ ئوي-نىغان رولى كېيىنكى ھەرىكەتتە باشقىلارنىمۇ زىيانغا ئۇچ-راتقان. بۇ يەردە جورج ئوۋېرنىڭ گەندىنىڭ ئۆلگىسىگە بول-

غان باشقىچە پىكرىنى مىسال قىلىپ كۆرەيلى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىسپىرت، تاماكا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نەرسىلەر ئەۋلىيا ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئىدى، لېكىن، ئىنسانلار ئەۋلىيالىق خىسلىتىدىنمۇ ساقلىنىشى كېرەك.» چۈنكى ئەۋلىيالىق خىسلىتىمۇ «ئاق كۆڭۈل» قىسمىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىراپ قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنى ياخشى بولمىغان قىسىم بىلەن مۇرەسسە قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ بىر خىل دۈشمەنلىك ھالىتىگە باغلانغان بولىدۇ: «ھەددىدىن ئارتۇق زورلۇق ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.» ئېرىكسون گەندىنى داۋاملىق تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ زورلۇق ئۇنىڭ كۆڭلىدە باللارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى بىلەن يارىتىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىچكى خاراكتېرلىرى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.»

يۇقىرىدىكى شەكىلدىن باشقا بىر خىل ئەھۋالمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ ئاق كۆڭۈللۈكنى «ساغلاملىق» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت. تىلشۇناسلىقتىكى سۆز يىلتىزىدىن قارىغاندا، «ساغلاملىق» بىلەن «مۇكەممەللىك» ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق ئىكەن، قاباھەتنى كېسەللىك دەپ قاراش، ئۇنى ئۇرۇش پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە يوقىتىۋەتمەستىن، بەلكى داۋالاپ ساغلام ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك. بىز ئۆزىمىزنى ساغلاملاشتۇرۇش يولى بىلەن تىنچلىققا يۈزلەنگەن ئاق كۆڭۈللۈكنى بايقىيالايمىز. بۇنى يادرو قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ مۇكەممەل بولمىغان ۋە جىناپەتكە تولغان مەخلۇق ئىكەنلىكىمىزنىمۇ تىنچ ئېتىراپ قىلد-

مىز. ئېرىك نېۋمان: «ئەخلاق جەھەتتىكى جاسارەت بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھالىتىدىن تېخىمۇ ياخشى ياكى تېخىمۇ ناچار بولۇشنى ئۈمىد قىلىشتا ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ: «بۇ چوڭقۇر پسىخىكىلىق داۋالاش جەريانىنىڭ ئاساسىي قىسمى» دەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئېرىكسون گەندىگە يازغان خېتىدە بۇ ماخاتمانىڭ غەيرىي زورلۇق مەسىلىكى ئىدىيىسى يولىغا، پسىخىكىلىق ئانالىز ئۇسۇلى كۆرسەتكەنگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ داۋالىنىش جەھەتتىكى ئىچكى توقۇنۇشنى قوشۇپ قويۇشنى تەكلىپ قىلغان. ئېرىكسون «ئىككىمىزنىڭ كۆزقارىشى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئېرىك نېۋماننىڭ تەكلىپى بىزگە قانداق قىلىپ ‹ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۈشمىنىگە غەيرىي زورلۇق پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىش›نى ئۆگىتىدۇ» دەپ قارىغان. ئۇرۇش ئەندىزىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىختىلاپ بۇ يەردە يارىشىش ئەندىزىسىنىڭ چەتكە قېقىلىشىغا ئۇچرايدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئومۇمىي جەھەتتە بىرلىشىشىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئاق كۆڭۈللۈك قاباھەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىلا بۇ دۇنيادا ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەيدۇ دېيىشكە بولمايدۇ، لېكىن ئاق كۆڭۈللۈكنى جاندىن ئەزىز كۆرۈشىمىز قاباھەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئۇنى ئىپادىلەشنى توختاتقاندا، ئۇ بۇ دۇنيادا ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋج ئالىدىغانلىقى ئۇچۇندۇر. ئەمەلىيەتتە، ئەۋلىيا — سىنىت ترېشا تىنچلىق روھىنىڭ كۆڭلىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا نېمە كۈچنىڭ يول قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە ياقمايدىغان چېقىلىش ۋە ئاپەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىداشنى خالىسىڭىز، ئۇ هالدا، سىز ئەيسا خرىستوسنىڭ كۆڭۈللۈك قونالغۇسى بولۇپ قالىسىز.»

## قاراڭغۇلۇقنى داۋالاش

قاراڭغۇلۇقنى داۋالاش، مەلۇم تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئەخلاق مەسىلىسى، ئۇ كۆڭلىمىزدە تورمۇزلانغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى، كۆڭلىمىزدىكى تورمۇزلاشنىڭ قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، يېزىنىڭ ئۆزىمىزنى قانداق غايىۋىلاشتۇرىدىغانلىقىمىز، ئۆزىمىزنى قانداق ئالدايدىغانلىقىمىزنى، بىزنىڭ قانداق نىشانغا ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى، بۇ نىشاننىڭ نامى بىلەن مەلۇم نەرسىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكىمىز ـ يەتكۈزمىگەنلىكىمىزنى، ھەتتا ئېغىر نۇقسان كەلتۈرۈپ چىقارغان ـ چىقارمىغانلىقىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قاراڭغۇلۇقنى داۋالاش مۇھەببەت مەسىلىسى. بىز ئۆزىمىزنىڭ سۇنغان ۋە بۇزۇلغان، يىرگىنىشلىك ۋە قەبىھ قىسمىمىزنى قانچىلىك چوڭقۇر سۆيىمىز؟ ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكى ۋە كېسىلىگە قانچىلىك كەڭچىلىك قىلىمىز ۋە ئىچ ئاغرىتىمىز؟ بىز مۇھەببەت پرىنسىپى بويىچە بەرپا قىلغان ئىچكى جەمئىيىتىمىزنى قانچىلىك چوڭ دائىرىدە كېڭەيتىپ، ھەربىر كىشىگە بىر كىشىلىك ئورۇن بېرىمىز؟ مەن مۇھەببەتنىڭ مۇھىملىقىنى «قاراڭغۇلۇقنى داۋالاش» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەكىتلىمەكچىمەن. بىز ئۆزىمىزنى قانداق داۋالاشنى مۇھاكىمە قىلىشقا كىرىشكەندە، ئەگەر «مەن»نى مەركەز قىلىدىغان بولساق، داۋالاش يۆنىلىشى يامانلىشىپ، ئادەتتە «ئۆزلۈك»نى داۋا-

لاش نىشانىغا، يەنى ئۆزلۈكنىڭ نىشانى بويىچە راۋاجلىنىپ تېخىمۇ قاۋۇل، مەشھۇر بولۇشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە، ئۆزلۈكنىڭ بۇنداق نىشانى دائىم جەمئىيەتنىڭ نىشانى ئاستىدا مېخانىك كۆچۈرۈلمە نۇسخا بولۇپ قالىدۇ، خالاس. ئەگەر ئۆزىمىزنى داۋالاشقا كىرىشكەندە، نىشاننى كاجلىق ۋە قارىغۇلۇق، پىخسىقلىق ۋە رەھىمسىزلىك، ساختىلىق ۋە سۆلەتۋازلىققا ئوخشاش مۇقىم، توغما ئاجىزلىقلىرىمىزنى داۋالاشقا قاراتساق، ئويلىمىغان يەردىن بۇ كەمچىلىكلەرنى يېڭى ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغانلىقىمىزنى بايقايمىز. چۈنكى ئۆزلۈك بىر توپ يېقىمسىز قاراڭغۇلۇق ئوبرازلىرىغا بويسۇنۇشى، شۇنداقلا بىر خىل كۈچنى تېپىپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە، جۈملىدىن كۆزگە چېلىقمايدىغان قىسىملىرىغا غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك.

ئۆزىگە كۆيۈنۈش ئاسان ئىش ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئۆزىمىزنىڭ ھەممە قىسىملىرىغا، جۈملىدىن ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ خۇنۇك، جەمئىيەت قوبۇل قىلمايدىغان قىسىملىرىغا كۆيۈنۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئادەم ئۆزىدىكى ئۇياتلىق خاراكتېرىگە كۆيۈنۈشنىڭ ئۆزى بىر خىل داۋالاش بولىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، داۋالاشنى كۆيۈنۈشتىن باشلاش كېرەك ئىكەن، ئۇ ھالدا، كۆيۈنۈش بەزى ۋاقىتلاردا قوبۇل قىلىش مەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شەخستىكى قاراڭغۇلۇقنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنىڭ بىرىنچى ئاساسىي، زۆرۈر ئامىلى قاراڭغۇلۇقنىڭ سىز بىلەن بىللە يۈرۈش ئىقتىدارىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. سىز كونا پۈرىتانلارغا ياكى مەڭگۈ سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغان يەھۇدىيلارغا ئوخ-

شاش، ھەر كۈنى ئۆزىڭىزنىڭ جىنايىتىنى تىرىشىپ سىزىد-
شىڭىز، ھەر ۋاقىت مەلئۇن شەيتاندىن پەخەس بولۇشىڭىز،
ئۇنىڭ تىكىۋېتىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشىڭىز كېرەك.
سىز بۇ ئۇزاق، مەۋجۇدىيەتچىلىك سەپىرىڭىزدە گويا بىر
تاغار تاشنى يۈدۈپ ماڭىسىز، ھېچكىم ئۇنى چۈشۈرۈشۈپ
بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئاخىرقى مەنزىلىڭىزمۇ ئېنىق
بولمايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇنداق كۆيۈنۈش ۋە قوبۇل
قىلىشنى پىلان بويىچە راۋاجلاندۇرالمايسىز ياكى مەيۈسلۈك
تۇيغۇسىدا بولۇپ، ئۆزلۈكنىڭ نىشانىغا بويسۇنىسىز، چۈن-
كى شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنى كۆيۈنۈش دەپ ئاتىغىلى بولماي-
دۇ.

ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇققا كۆيۈنۈشنى، دەرۋەقە، ئۇنى
قوبۇل قىلىشتىن باشلاشقا بولىدۇ، لېكىن شۇنداق قىلغان
تەقدىردىمۇ ئۇنى ياخشىلىغىلى بولمايدۇ. بىر ۋاقىتتا بارغاندا
باشقا بەزى ئىشلار ئاخىرى قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ،
سىزنىڭ ئەخمىقانە ھەرىكىتىڭىزدە ساقلانغان، زىددىيەتكە
تولغان ئالاھىدىلىكىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن ئاشكارىلايدۇ،
پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىمىز چەتكە قاققان، خۇنۈك تەرەپلەرنى
خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمىز، ئۇلار بىلەن مۇرىنى مۇ-
رىگە تىرەپ بىللە مېڭىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن
بىر يەردە تۇرىمىز. بۇنداق كۆيۈنۈش قاراڭغۇلۇقنى ئېتىراپ
قىلىشقا ئېلىپ بېرىشى ياكى قاراڭغۇلۇقنى ھەرىكىتى ئارقى-
لىق ئۆزىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇر قىلىشى، قاراڭغۇلۇقنى
قايمۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز كۆيۈنۈشتە ئەخ-
لاق قاتلىمىنى ھەرگىز تاشلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بۇ-
نىڭدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، زىددىيەتكە تولغان بۇ كېسەلنى

داۋالاش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان ئىككى خىل ئامىل بولۇشى كېرەك، يەنى ئەخلاق جەھەتتە ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئېغىر يۈك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ-غا چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغانلىقى، ئۇنى ئۆزگەرتىش كې-رەكلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆيۈ-نۈش ئارقىلىق قاراڭغۇلۇقنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى خۇشال-لىق بىلەن مەڭگۈ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. باشقىچە قى-لىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئاكتىپ، يەنە بىرى بوشاڭ بولىدۇ؛ بىرى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ، يەنە بىرى خۇشال ـ خۇرام قۇچاقلايدۇ؛ بىرى غەربنىڭ ئەخلاقچىلىقى-نى ياقلايدۇ، يەنە بىرى شەرقنىڭ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشىنى ياقلايدۇ؛ مەيلى قايسىسى بولسۇن، پەقەت چىن بولغان بىر تەرەپكىلا ئىگە.

ئىشىنىمەنكى، قاراڭغۇلۇقتا بولغان ئاڭ جەھەتتىكى، توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا بولغان بۇنداق زىددىيەتلىك پوزىتسىيىنىڭ ئەسلىي نەمۇنىسىنى يەھۇدىي دىنىنىڭ مىستىتسىزمىدىن بايقايمىز، چۈنكى يەھۇدىي دىنى-نىڭ مىستىتسىزمىدىمۇ خۇدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى تە-رەپكە ئىگە: بىر تەرىپى — ئەخلاق جەھەتتىكى پاكلىق ۋە ھەققانىيەت، يەنە بىر تەرىپى — مېھرىبانلىق، كەڭچىلىك ۋە غەمخورلۇق. يەھۇدىي دىنى خاسىد مەزھىپى مۇرىتلىرى-نىڭ ۋۇجۇدىدىن توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا بولغان بۇنداق زىددىيەتلىك قاراشنى كۆرىمىز، ئۇلار توغرى-سىدىكى تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايىلەردىمۇ تۇرمۇشتا ئۇلار-نىڭ سىرلىق ئەخلاقتا بولغان ئىنخلاسىغا ھامان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خۇشاللىقنىڭ ھەمراھ بولۇپ يۈرىدى-

غانلىقى ئىپادىلەنگەن.

فرېئۇد ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇق دۇنياسى ھەققىدىكى تەسۋىرىدە شەخس روھىنىڭ ئادىل سوت قىلىنمىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇنىڭ تەسۋىرى بەك راتسىئونال بولۇپ كەتكەن. ئۇ شەخسنىڭ روھىدا ئىپادىلەنگەن زىددىيەتلىك بەلگە تىلىنى تولۇق ئىگىلىمىگەن. ئۇ خۇددى بىر ئىجابىي تەرەپ بىر سەلبىي تەرەپكە نىسبەتلەنگەندەك، ھەربىر ئوبراز ۋە ھەربىر تەجرىبىنىڭ مۆلچەرلەنگەن قاتلىمى ۋە ئەسلىگە كەلگەن قاتلىمى بارلىقىنىمۇ تولۇق ئېنىق كۆرمىگەن. ئۇ خۇددى بالىلارچە سەبىيلىكنىڭ گۆدەكلەرچە سەبىيلىك ئىكەنلىكى، جىنسىي ھالەت ئۆزگىرىشىنىڭ شۇنداقلا بىر خىل خۇشاللىق ۋە جىسمانىي ئازادلىق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئەڭ كۆرۈمسىز ئادەمنىڭ نىقابلانغان قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىگە ئوخشاش، چىرىگەن ئەخلەتنى ئەمەلىيەتتە ئوغۇت قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تازا ئېنىق كۆرمىگەن.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، فرېئۇد بىلەن جۇڭنىڭ قاراڭغۇلۇق ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىغان ياكى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان، توقۇنۇشىدىغان ئىككى خىل مەيدانغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. بىز جۇڭنىڭ مەيدانى فرېئۇدنىڭ تەكرارلانغان ئوبرازى دەپ قارىساق، ئۇنى كېڭەيتىپ، باشقا بىر قاتلامنى قوشۇپ قويساق بولىدۇ، بۇ قاتلام ئوخشاش پاكىت، ئوخشاش كەشپىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ بىر - بىرىگە زىت ئالامەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

# ئۆزىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا
# جاۋابكار بولۇڭ

سەلبىي كەيپىياتنىڭ پروپېكسىيە ھادىسىسىگە ئوخ-
شاش، جەمئىيىتىمىزدە سەلبىي خاراكتېرنىڭ پروپېكسىيە
ھادىسىسى ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئومۇملاشقان، چۈنكى بىز
پۈتۈنلەي ئالدىنىپ، «سەلبىي» شەيئىلەر بىلەن «ياقتۇرماي-
دىغان» شەيئىلەرنى ئوخشاش دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، سەلبىي خاراكتېرلىرىمىزگە دوستانە بولغان ياكى
ئۇلارنى قوشۇۋەتكەندىن كۆرە، ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش
ياكى پروپېكسىيە قىلىۋېتىش يولىنى تاللاشنى خالايمىز،
شۇڭا ھەممە ئادەمدە بۇنداق سەلبىي خاراكتېرلەر بار، پەقەت
مەندىلا يوق دەپ ھېس قىلىمىز. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار
ۋۇجۇدىمىزدا قېلىۋېرىدۇ، بىز بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ، مەسىلەن، ئون قىزدىن تۈزۈلگەن توپتا توققۇز قىز
جېرنى ياقتۇرىدۇ، پەقەت ئونىنچى قىز بېرتىلا جېرغا چىداپ
تۇرالمايدۇ، چۈنكى بېرتىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، جېر قەس-
تەن جىددىي قىياپەتكە كىرىۋالارمىش. بېرتى قەستەن جىد-
دىي قىياپەتكە كىرىۋالغانلارنى ھەممىدىن بەك يامان كۆرەر-
مىش. شۇڭا ئۇ جېرنىڭ باشقا دوستلىرىنى ئۇنىڭ ساختىلى-
قىغا ئىشەنمەسلىككە كۈچىنىڭ بارىچە كۆندۈرمەكچى بول-
غان، لېكىن ئۇنىڭ قارشىغا قوشۇلىدىغان ئادەم چىقمىغان،
بېرتى شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ تېرىككەن. روشەنكى، بۇ ئىش
بېرتىنىڭ ئۆز ئىچىدە قەستەن جىددىي قىياپەتكە كىرىۋالغان-
لىقىنى سەزمەستىن، ئۇنى جېرغا بولغان نەپرەتكە ئايلاندۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غانلىقىدىن، يەنى ئۇنى جېرغا پروپېكسىيە قىلغانلىقىدىن بولغان بولسا كېرەك، شۇڭا بېرتى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بېرتى بىلەن جېر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا ئايلانغان. جېر بۇ تالاش ـ تارتىش بىلەن ئەلۋەتتە مۇناسىۋەتسىز، ئۇ بېرتىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان نەپرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك بولغان، خالاس.

ھەممىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نۇقسانى — ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولغان، بىز ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقان مەلۇم خاھىشىمىز ياكى ئالاھىدىلىكىمىز بولىدۇ، ئۇلارنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ مۇۋاپىق غەزىپى ۋە نارازىلىقىنى توپلايدىغان مۇھىتقا تاشلىۋېتىمىز، شۇنىڭدەك ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىدېئالىزمى كۆزىمىزنى توسۇۋالغاچقا، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ئىكەنلىكىگە، دۈشمەننىڭ كۆز ئالدىمىزدا تۇرغانلىقىغا سەل قارايمىز. بۇنداق ۋەزىيەتنى تۈزەشتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دوستلىرىمىزغا بىلدۈرگەن مېھرىبانلىقىمىز ۋە چۈشەنچىمىزنى ئۆزىمىزگە كۆچۈرۈشتىنلا ئىبارەت. بۇنى جۇڭگې تۆۋەندىكى ئەڭ ئېنىق ۋە جانلىق بايانىدا كۆرسەتكەن:

ئۆزىنى قوبۇل قىلىش ئەخلاق مەسىلىسىنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل تۇرمۇشقا سېلىنىدىغان نەزەرنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. مەن خۇددى ئاچ قالغانغا تاماق بەرگەن، ھاقارەتلەنگۈچىنى كەچۈرگەندەك، دۈشمىنىمنى خرىستوس نامىدىن سۆيىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان بۈيۈك ئەخلاق. قېرىنداشلىرىمغا قىلغان ھەممە ئىشلىرىم، ئەڭ ئەرزىمەس كىچىك ئىش بول-

غان تەقدىردىمۇ، خرىستوسقا بولغان ھۆرمىتىمگە ئوخشاي-
دۇ. ئەمما، ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئەرزى-
مەس، ھەممە تىلەمچىلەر ئىچىدىكى ئەڭ نامرات، چىشىمغا
تەگكۈچىلەر ئىچىدىكى ئەڭ تەكەببۇر، ئەڭ چوڭ دۈشمەنىنىڭ
پۈتۈنلەي ئۆزۈمدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈمە-
نىڭ مېھربانلىق مەيدانىمنى سەدىقە قىلىشقا ئېھتىياجلىق
ئىكەنلىكىمنى، ئۆزۈمنىڭ دەل سۆيۈشكە ئېھتىياجلىق دۈش-
مەن ئىكەنلىكىمنى بايقىسام، قانداق قىلىشىم كېرەك؟
بۇ نەتىجە ئادەتتە قوش بولىدۇ: بىرى، ئۆزىمىز پرو-
يېكسىيە قىلىۋەتكەن خاراكتېرنىڭ بىزدە پۈتۈنلەي يوق ئى-
كەنلىكى، شۇڭا ئۇنىڭ بىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقى—
ھەم ئۇنىڭغا بويسۇنمايدىغانلىقىمىز، ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلان-
مىغانلىقىمىز ياكى ئۇنىڭ تەلىپىنى بارلىق چارىلەر بىلەن
قاندۇرغانلىقىمىزغا، ئاخىرىدا ھامان ئادەت خاراكتېرلىك
ئۇگۈشسىزلىق ۋە جىددىي ھالەت كېلىپ چىققانلىقىغا ئىشەن-
نىمىز. يەنە بىرى، بىز «بۇ خاراكتېرلەر ئەتراپىمىزدىكى
مۇھىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ۋەھىمىلىك، قورقۇنچ-
لۇق قىسمىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارايمىز، شۇڭا كۈچە-
مىزنىڭ يېتىشىچە ئۆزىمىزنى تارمار قىلىمىز.
پرويېكسىيە ھادىسىسىنى ئۆزلۈكىنىڭ قاتلىمىدا ئىسپات-
لاش ئىنتايىن ئاسان: ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتتا بىر
ئادەم ياكى بىر ئىش بىزگە «ئۇقتۇرۇش» قىلغان بولسا،
بىز پرويېكسىيە ھەرىكىتىدە بولمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن؛
لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر ئۇ بىزگە «تەسىر»
كۆرسەتكەن بولسا، ئۇ ھالدا، ئۆزىمىزنىڭ پرويېكسىيە ھە-
رىكىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ قېلىشىمىز ئېھتىمالغا ناھايىتى

يېقىن. مەسىلەن، جېر قەستەن جىددىي قىياپەتكە كىرىۋې-لىشقا ھەقىقەتەن بەك خۇشتار بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ بىرتىنىڭ ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشىگە ئاساس بولالامدۇ؟ ئەل-ۋەتتە بولالمايدۇ؛ بۇ مۇھىتتا بىرتى «ئۇقتۇرۇش» ئارقىلىق جېرنىڭ جىددىيلىكىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپلا قالماستىن، بەلكى جېرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ كۆچلۈك «تەسى-رى» گە ئۇچرىغان، ئەمما بۇلاردىن تارقالغان ئۇچۇر بىرتى-نىڭ جېرغا بولغان نەپرىتىنىڭ پەقەت بىر خىل پروپېكسى-يىلىك رول ياكى بىر خىل سىرتقا يۈزلەنگەن ئۆز - ئۆزىنى مەنسىتمەسلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، جېك ماشىنا ئىسكىلاتىنى رەتلەپ قويايمىكىن دەپ ئويلىشىۋاتقاندا، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا جېكنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ-دىن ئىشىڭىز قانداق بولدى دەپ سورايدۇ، شۇنىڭ بىلەن جېك ھەددىدىن ئارتۇق ئەكس تەسىر قايتۇرىدۇ. ئەگەر جېك-نىڭ ھەقىقەتەن ماشىنا ئىسكىلاتىنى تازىلاپ قويغۇسى بول-مىسا ياكى ئۇنىڭ بۇ ئويى ساپ بولسا، ئۇ خوتۇنىغا ئۆز ئويىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئۇدۇل ئېيتسا بولاتتى. لېكىن ئۇ بۇنداق قىلمايدۇ، ھەتتا «ئويلاپ بېقىڭلار! ئۇ مېنى ماشىنا ئىسكىلاتىنى تازىلاشقا بۇيرۇۋاتىدۇ!» دەپ، خوتۇنى-نىڭ سوئالىغا قوپال تىللاپ جاۋاب بېرىدۇ. جېك كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ ئويىنى پروپېكسىيىگە ئايلاندۇرۇۋالغان، ھەتتا ئۇ-نى بىر خىل بېسىم دەپ قارىغان، شۇڭا خوتۇنى سورىغاندا، ئۇ جېككا «ئۇقتۇرۇش» قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جېككا كۈچلۈك «تەسىر» كۆرسەتكەن، جېك قاتتىق بېسىم ھېس قىلغان. بۇنىڭ ئۆزى ئاچقۇچلۇق پەرق، ئەگەر مەن باشقى-لاردا كۆرگەن نەرسە ماڭا «ئۇقتۇرۇش» قىلىش بىلەنلا

چەكلەنسە، مەن ئۆز قارىشىمدا پاكىتنى تېخىمۇ مۇبالىغە قىلىۋېتىش ياكى كىچىكلىتىۋېتىش بىلەنلا چەكلىنىشىم مۇمكىن، لېكىن ئەگەر بۇ «ئۇقتۇرۇش» مېنىڭ كەيپىيا-تىمغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتسە، ئۇ جەزمەن بىر خىل پروپېكسىيە ھادىسىسى بولىدۇ. شۇڭا، بىز بىر تەرەپتىن مەلۇم ئادەم (ياكى مەلۇم ئىش)دىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمە-سەك، يەنە بىر تەرەپتىن مەلۇم ئادەم (مەلۇم ئىش)دىن نارازى بولۇپ قاچساق، نەپرەتلەنسەك، ئەمەلىيەتتە، قاراڭ-غۇلۇق بىلەن ئايرىم قۇچاقلاشقان ياكى قاراڭغۇلۇق بىلەن مۇشتلاشقان بولىمىز، بىز تۆتى بىر گۇرۇپپا بولغان بۇ قوش خاراكتېر — بېسىم ۋە پروپېكسىيە رولىنىڭ ئاللىقاچان كې-لىپ چىققانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

پروپېكسىيە رولىنىڭ بىكار قىلىنىشى شەخسىي ئاڭ دائىرىسىدىكى بىر خىل بۇرۇلۇش ياكى كېمىيىش (قاراڭغۇ-لۇقتىن ئۆز - ئۆزىنى مەركەز قىلغان قاتلامغا كۆچۈش) كە ۋەكىللىك قىلىدۇ، چۈنكى بىز ئۆزلۈكنىڭ ئىلگىرى يىراق-لاشقان قىسمىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ، ئىسپاتلاش دائىرىمىزنى كېڭەيتەلەيمىز. ھالبۇكى، بۇ ئىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىلگىرى ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت كۆرسەتتى دەپ قارىغان مېخانىك تەسىرنى، ئەمەلىيەتتە ئۆز - ئۆزىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت، بىز بۇنىڭغا جاۋابكار.

مەسىلەن، مەن ھازىر تەشۋىشكە چۈشۈپ قالسام، ئادەت-تە مەن ئۆزۈمنى بۇ بېسىم ئاستىدىكى ناتىۋان قۇربان دەپ قارايمەن، شۇنىڭدەك بۇ مۇھىتتىكى كىشىلەر ياكى كەيپىي-يات مېنى تەشۋىشلەندۈرگەن سەۋەب دەپ تونۇۋالىمەن. بۇنى-

داق پرويېكسىيە ھادىسىسىنى تۇگىتىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم بى-
رىنچى قەدىمى بۇنداق تەشۋىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق سې-
زىش، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى لەرزىگە سېلىش،
ئۇنى تەۋرىتىش، ئۇنى ھاۋاغا ئوخشاش ھېس قىلىشقا، قو-
بۇل قىلىشقا، ئىپادىلەشكە تەشنا بولۇشتىن ئىبارەت. شۇن-
داق قىلغاندىلا، بۇنىڭغا جاۋابكار بولۇشۇم لازىملىقىنى،
تەشۋىش ئىچىدە تۇرغانلىقىمنى چۈشىنەلەيمەن، شۇنداقلا
مەندىكى قوزغىلىش ئۆزۈلۈپ قالغاچقا، تەشۋىشلىنىش تۇي-
غۇسى كېلىپ چىققانلىقىنىمۇ چۈشىنىمەن. بۇ ھادىسىنى
پۈتۈنلەي ئۆزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنداق بولغاندا، بۇ
تەشۋىش مەن بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولماس-
تىن، بەلكى ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بو-
لۇپ قالىدۇ. لېكىن، پوزىتسىيەمدىكى بۇنداق بۇرۇلۇش
ئىلگىرى ئۆزلۈكىمدىن يىراقلاشقان چاغدىكى قوزغىلىشتىن
ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىم دەپ تۇرۇۋالغان يەنە بىر
ئۆزلۈكىمنىڭ بۆلۈنۈپ چىققانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بى-
راق مەن ھازىر ئۆزۈم قىلغان ھەرىكەتنىڭ بارلىق جاۋابكار-
لىقىنى ئۈستۈمگە ئېلىش قارارىغا كەلدىم.

قاراڭغۇلۇقنىڭ پرويېكسىيە ھادىسىسىنى «داۋالاش»
ئۇسۇلىدىكى بىرىنچى قەدەم پرويېكسىيىگە جاۋابكار بولۇش-
تىن ئىبارەت، ئىككىنچى قەدەمدە پەقەت پرويېكسىيىنىڭ
يۆنىلىشىنى بۇراپ، ئىلگىرى ئۆزۈمگە رەھىمسىزلىك قىل-
غان بولسام، ئەمدى باشقىلارغا سىلىق ئۇسۇل بىلەن مۇئامى-
لە قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، «بۇ دۇنيا
ماڭا پرويېكسىيە قىلىۋاتىدۇ» دېگەننى ئاسانلا «مەن ھېچ-
بولمىغاندا ھازىرقى مىنۇتلاردا بۇ پۈتكۈل ئۆلگۈر دۇنيانى

رەت قىلدىم! » دەپ چۈشەندۈرگىلى، «ئاتا ـ ئانام مېنىڭ ئوقۇشۇمنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ» دېگەننى «مەن ئوقۇيمەن» دەپ چۈشەنگىلى، «بىچارە ئانام ماڭا موھتاج» دېگەننى «مەن ئانامغا يېقىلىشنى خالايمەن» دەپ چۈشەندۈرگىلى، «مەن يالغۇز قېلىشتىن قورقىمەن» دېگەننى «ئەگەر ۋاقىتنى باشقىلارغا بېرىۋەتسەم، ئەقىلسىزلىك بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگىلى، «ھەممەيلەن ماڭا دائىم قاتتىق تىكىلىپ قاراۋاتىدۇ» دېگەننى «مەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى قىزىق ئوبزورچى» دەپ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

بۇنداق جاۋابكارلىق بىلەن بۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى قەدەم ـ باسقۇچنى كېيىنرەك داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىمىز، ھازىر دىققىتىمىزنى بۇ قاراڭغۇلۇقلار پرويېكسىيە بولغان ئەھۋالدا، دائىم ئۆزلۈك ئوبرازىنى «نېرۋىنىڭ زىيادە سېزىمچانلىقى» بىلەن بۇرمىلاپ، ئۇنى قوبۇل قىلىش كويىدا بولىدىغانلىقىمىزغا قارىتايلى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۆزلۈكىمىز ياكى ئۆزلۈك ئوبرازىمىزغا مەنسۇپ بولغان قاتلاملار بىلەن بىز كۆرۈنۈشتە ئەڭ قىزىقمەن دەپ ئىشەنگەن قىسىملىرىمىز ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ياكى پەرۋاسىز يۈرۈۋەرگىلى بولمايدىغان چۈشەك كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىمغا ئۇچرىغان، تىركىشىشكە دۇچ كەلگەن ياكى قوش چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئەھۋالدا، ئۆزلۈك ئوبرازىمىزنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن يىراقلىشىمىز، ئۆزلۈكىمىزدىكى بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارنىمۇ ئاخىر تاشلىۋېتىمىز. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىمىزنىڭ ئېتىراپ قىلىش دائىرىسىنى ئۆزلۈكىمىزنىڭ كىچىككىنە قىسمىغا تارايتىمىز، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بۇرمىلانغان، ئىجادچانلىقى بولمىغان كىشى-

لىك خاراكتېر قىياپىتىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئوخشاش زەربە ئاستىدا، جەزمەن ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئازابىغا مەڭگۈ ئۇچرايمىز، قاراڭغۇلۇقنى قىسقىچە، ئاڭ ئاساسىدا چۈشەندۇرۇش پۇرسىتىنىمۇ رەت قىلىمىز. لېكىن قاراڭغۇلۇق رەت قىلىنغانلىقىغا قارىماستىن، يەنىلا پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئېڭىمىز، تەشۋىشىمىز، جىنايىتىمىز، ۋەھىمىمىز ۋە مەيۇسلۇكىمىز ئىچىگە مەجبۇرىي بېسىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇلۇق بىر خىل كېسەللىككە ئايلىنىدۇ، يەنە كېلىپ ئۆلجىسىنى ھەدەپ يۇتۇۋاتقان قانخورغا ئوخشاش، بىزگە مەھكەم چاپلىشىۋالىدۇ.

تېخىمۇ سىمۋوللۇق قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ روھىمىز سانسىز قوش قۇتۇپلۇق، زىددىيەتلىك، قارىمۇقارشى نەرسىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ئوڭاي بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى تۆتى بىر گۇرۇپپا بولغان قوش خاراكتېر، يەنى كىشىلىك خاراكتېر بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش دەپ ئاتايمىز. بىز بۇ ئەھۋاللاردىكى ھەربىر مىسالدا ئۆزىمىزنى بۇنداق قوش خاراكتېرنىڭ «يېرىمى» بىلەنلا بىرلەشتۇرۇپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ تاڭ سەھەر دۇنياسىدا ئۆزىمىز يىراقلاشقان ۋە مەنسىتمىگەن قارىمۇ قارشى نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلايمىز، شۇڭا، قاراڭغۇلۇق يەنىلا كىشىلىك خاراكتېرىمىزنىڭ ئاڭلىق، ئېھتىياتلىق ئىشەنچىسى ئاستىدىكى ھەرقانداق شەكىلنىڭ ئەكسىچە شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئەگەر ئۆزىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ دۇنياغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەكچى

بولسىڭىز، ئۆزىڭىز ئېلىپ بارغان تەجرىبە سۈپىتىدە ئېڭى-
ڭىزدا ئىگە بولماقچى بولغان، ياقتۇرىدىغان، ھېس قىلغان،
ئۈمىد قىلغان، پېيىگە چۈشكەن ۋە ئىشەنگەن ھەرقانداق
شەيئىنى تەتۈرىگە بۇرىسىڭىزلا، بۇ قارىمۇقارشى شەيئىلەر-
دىن قاراڭغۇلۇقنىڭ دۇنياغا بولغان قارىشىنى كۆزىتەلەي-
سىز. سىز مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۆزىڭىزدىكى قارىمۇقارشى
نەرسىلەر بىلەن ئاڭلىق ئۇچرىشىشىڭىز، ئۇلارنى ئېپادىلى-
شىڭىز، ئۇلارنىڭ رولىنى ئوينىشىڭىز، ھەتتا ئۇلارغا يەنە
بىر قېتىم ئىگە بولۇشىڭىز مۇمكىن. ھەرھالدا يا سىز
ئۇلارغا ئىگە بولىسىز، يا ئۇلار سىزگە ئىگە بولىدۇ. قاراڭ-
غۇلۇقنىڭ ھامان ئېپادىلەش ئۇسۇلى بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇ
كىتابتىكى مىساللاردىن ھەرقانداق قاراش ياكى شەيئىنى ئۆ-
گىنىۋالساق، ئۆزىمىزدىكى قارىمۇ قارشى نەرسىلەرنى ئاقى-
لانە سېزىۋېلىشىمىز مۇمكىن، ئۇنداق قىلمىساق، ئۇلارنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى مەجبۇرىي ھالدا سېزىمىز.

ئەگەر بىز بۇ قارىمۇقارشى نەرسىلەرنىڭ رولىنى ئوي-
ناپ، ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى سەزگەن ياكى ئۇنىڭغا يەنە
بىر قېتىم ئىگە بولغاندا، ئۇلارنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ
ئېپادىلىشىمىز ھاجەتسىز. بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزدىكى قا-
رىمۇقارشى نەرسىلەر بىلەن تىركىشىشتە ھەممىدىن بەك ئا-
رىسالدى بولىمىز، چۈنكى، بۇ قارىمۇقارشى نەرسىلەرنىڭ
بىزنى بويسۇندۇرۇشىدىن قورقىمىز. ئەمما پاكىت دەل بۇ-
نىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن، يەنى بىز ئاخىردا ئۆزىمىز-
نىڭ ئىستىكىگە خىلاپلىق قىلىپ، قاراڭغۇلۇق ئاڭسىز ھا-
لەتكە كىرگەندىلا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشىمىز
مۇمكىن.

مۇۋاپىق قارار چىقارماقچى ياكى تاللىماقچى بولساق، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى نەرسىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرىپىنى تولۇق ئاڭقىرىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئەگەر ئۇنىڭدىكى بىر تەرەپ ئاڭسىز ھالەتتە تۇرغاندا بىزنىڭ قارارىمىز ئانچە ئاقىلانە بولماي قېلىشى مۇمكىن. خۇددى كىتابىمىزدىكى مىساللاردا كۆرسىتىلگەندەك، مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۆزىمىزدىكى قارىمۇقارشى نەرسىلەر بىلەن ئۇدۇل تىركەشكەندىلا، ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ئىگە بولالايمىز، بۇ ئۇلارنى ئىپادىلەشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سەزسەكلا كۇپايە قىلىدۇ.

قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىمىزدىكى قارىمۇقارشى نەرسىلەر بىلەن ئۇدۇل توقۇنۇشساق، بۇ قارىمۇقارشى نەرسىلەرنىڭ بارغانسېرى روشەنلىشىشىگە تۈرتكە بولىدۇ (لېكىن بۇنداق قاراش دائىم تەكرار يۈز بەرمەيدۇ)، چۈنكى قاراڭغۇلۇق ئۆزلۈكىنىڭ چىن، ئەسلىدە بار بولغان قاتلىمى، قاراڭغۇلۇق بىزگە ھەر خىل پەرىشانلىق، «كېسەللىك ئالامىتى» قاتارلىق زەربىلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ، بىز بولساق بۇ قارىمۇقارشى نەرسىلەرگە ھېچقانچە ئاڭلىق ئېتىراز بىلدۈرەلمەيمىز. مەسىلەن، بۇ تامامەن ئۆز - ئۆزىمىزنى ئىنچىكىلەپ، ئازابلىنىپ باسقان تۇرمۇشلۇق، بۇنداق ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىمىزغا ئوخشايدۇ. مەيلى بۇ باسقۇچتا مەندىكى «كېسەل ئالامىتى» قانداق بولسۇن (جىنايەت، ۋەھىمە، تەشۋىش، مەيۈسلۈك)، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ «روھىي جەھەتتە» ئۆزۈمنى بېسىش ئۇسۇلۇم ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان نەتىجىدۇر. بۇلاردىن بىۋاستە بېرىلگەن بېشارەت ئانچە ئىشەنگىلى

بولمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ قاتـ
داق ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ مۇشۇنداق ئازابلايـ
دىغان كېسەل ئالامىتىگە موهتاجلىقىم خۇددى ئۇنىڭ كېتەـ
شىنى ئۈمىد قىلغاندەك ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى بەكمۇ
ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ.
شۇڭا، سىز قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۆرۈنىدىغان تۇنـ
جى قارىمۇقارشى نەرسە ئۆزىڭىزنىڭ مەخپىيىتى ۋە ساقلاپ
قالماقچى بولغان كېسەل ئالامىتىڭىز، ئۆزىڭىزدىكى قاراڭـ
غۇلۇقنى ئاڭسىز بېسىش ئارزۇيىڭىز بولۇشى مۇمكىن. بۇ
يەردە هالىمىزغا باقماي شۇنىمۇ كۆرسەتمەكچىمىزكى، سىز
بۇ ئىشنى قانچىكى كۆلكىلىك هېس قىلسىڭىز، سىز بىلەن
سىزدىكى قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش يوقلۇقىنى،
قاراڭغۇ جايغا مۆكۈنۈۋېلىپ سىزنى بېسىۋاتقان نەرسىنىڭ
دەل مۇشۇنداق خاراكتېر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
شۇڭا، «قانداق قىلغاندا بۇنداق كېسەل ئالامىتىنى تۈـ
گىتەلەيمەن؟» دەپ سورىغاندا، ئەمەلىيەتتە، سىزنىڭ قىـ
لىشقا تېگىشلىك ئىشىڭىز دەرهال هېچنېمىنى بىلمەيدىغان
قىياپەتكە كىرىۋېلىشتىن ئىبارەت، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا،
كېسەل ئالامىتىنى ئۆزىڭىز پەيدا قىلمىغانلىقىڭىزدىن بېشا-
رەت بەرگەن بولىسىز. بۇ «قانداق قىلغاندا ئۆزۈمنى بېسىشـ
نى توختىتالايمەن؟» دەپ سورىغان بىلەن باراۋەر. قانداق
قىلغاندا ئۆزۈمنى بېسىشنى توختىتالايمەن دەپ توختىماستىن
سوراۋېرىدىغان ياكى ئۆزىڭىزنى بېسىشنى توختىتىشقا تەمـ
شىلىدىغانلا بولسىڭىز، ئۇ هالدا ناهايىتى روشەنكى، ئۆزىـ
ڭىزنى دەل ئۆزىڭىز باسقانلىقىڭىزنى سەزمەيسىز، سىزنىڭ
ئازابىڭىز ئەسلىي جايىدا قېلىۋېرىدۇ ياكى تېخىمۇ كۆپىيىدـ

دۇ. ئەگەر سىز ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى بىسىۋاتقانلىقىڭىزنى ئېنىق كۆرسىڭىز، بۇ ھەرىكىتىڭىزنى قانداق توختىتىشنى سورىمايدىغان بولىسىز، ئۇنى تەبىئىي ھالدا تېزلا توختىتى-سىز. ئوچۇقىنى ئېيتساق، بۇنداق كېسەل ئالامىتىنى تۇ-گىتەلمەسلىكىڭىزنىڭ سەۋەبى دەل ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلارنى ئاج-رىتىۋېتىشكە ئۇرۇنغانلىقىڭىز. روھىي كېسەللىكلەر دوخ-تۇرى پۇلومۇ شۇنداق كۆرسەتكەن، سىز كېسەل ئالامىتىگە ئۇزلۇكسىز خىرىس قىلىۋەرسىڭىز، ئۇنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ بېرىۋېرىدۇ. سىز كېسەل ئالا-مىتىنى چوڭقۇر ئويلىنىپ ئۆزگەرتىش كويىدا بولسىڭىزمۇ بىھۇدە ئىش قىلغان بولىسىز، چۈنكى ئۇنىڭدا قاراڭغۇلۇق سىرتتا قالدۇرۇلغان.

شۇڭا، بۇ مەسىلىنىڭ يادروسى ھەرقانداق كېسەل ئالا-مىتىنى تۈگىتىش ئەمەس، بەلكى بۇ كېسەل ئالامىتىنى پىلانلىق، ئاڭلىق كېڭەيتىپ، ئۇنى تەپسىلىي، ئاڭلىق ھالدا تولۇق چۈشىنىش. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر سىز مەيۇسلەنسىڭىز، ئامال قىلىپ تېخىمۇ مەيۇسلىنىڭ. ئەگەر سىز جىددىيلەشسىڭىز، ئامال قىلىپ تېخىمۇ جىددىيلى-شىڭ، ئەگەر جىنايەت تۇيغۇسىغا كەلسىڭىز، ئامال قىلىپ جىنايەت تۇيغۇڭىزنى ئاشۇرۇڭ — بىزنىڭ كۆزدە تۇتىدىغى-نىمىز مۇبالىغە قىلماسلىق. چۈنكى مۇشۇ يول بىلەن ئىش قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى تۇنجى قېتىم تونۇپلا قالماستىن، بەلكى قاراڭغۇلۇق بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، ئىتتىپاق تۇزەلەيسىز، شۇنىڭ بىلەن شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ قىلغان ئىشىڭىز ئىلگىرىكى ئاڭسىز ھەرىكىتىڭىزدىن پەرق قىلىپ، ئاڭلىق بولىدۇ. سىز شەخسىي تەجرىبە ئۆتكۈزۈپ،

جانلىق، ئېھتىياتلىق ئۇسۇل بىلەن ئۆزىڭىزدە ھازىر مەۋ-
جۇت كېسەل ئالامىتىنى پەيدا قىلىشقا ئۆزىڭىزنى ئاگاھلىق
ئۇندىسىڭىز، سىزنى بۇ ۋەزىيەتكە ئەمەلىيەتتە كىشىلىك خا-
راكتېرىڭىز ۋە سىزدىكى قاراڭغۇلۇق قاتناشتۇرىدۇ. باشقىچە
قىلىپ ئېيتقاندا، سىز ئۆزىڭىزگە قارىمۇقارشى نەرسە بىلەن
ئاگاھلىق ئۇچراشقان ۋە ئىتتىپاق تۈزگەن بولىسىز، قىسقىچە
قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى يەنە بىر قې-
تىم بايقىغان بولىسىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ھازىر مەۋجۇت كېسەل ئالامىتى-
ڭىزنى ئاگاھلىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەلۇم دەرىجىگە —
ئۆزىڭىزنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئاگاھلىق سەزگەن دەرى-
جىگە كېڭەيتسىڭىز ۋە بۇنداق ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش
ئۇسۇلىنى دائىم قوللانسىڭىز، بۇنداق كېسەل ئالامىتىنى
ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئىستىخىيىلىك ھالدا ئاياغلاشتۇرالاي-
دىغانلىقىڭىزنى تۇنجى قېتىم چۈشىنىسىز. ئەگەر ئۆزىڭىز-
نى تېخىمۇ چوڭقۇر جىنايەت تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈش ئامالىڭىز
بولسا، جىنايەت تۇيغۇڭىزنىڭ يېنىكلەشكەنلىكىنى جەزمەن
ھېس قىلىسىز، ئەمما بۇ تاشقى كۈچنىڭ قوزغىتىشى بىلەن
ئەمەس، بەلكى بىر خىل روشەن بولغان تەبىئىي ئۇسۇلدا
يۈز بېرىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى بىمالال مەيۈسلەندۈرە-
لەيدىغان بولسىڭىز، مەيۈسلىنىشنى جەزمەن ئەركىن
كونترول قىلالايسىز. دادامنىڭ كېكىردىكىنى داۋالاش ئۇ-
سۇلى دەرھال يىگىرمە دوللارلىق پۇلنى چىقىرىش ۋە زىيانغا
ئۇچرىغۇچىغا ئاخىرقى بىر قېتىم كېكىرسەڭلا مۇكاپات ئال-
سەن دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ تەشۋىشلى-
نىشىگە يول قويۇش، ئەمما داۋاملىق تەشۋىشلىنىۋەرمەسلىك

www.uyghurkitap.com

كېرەك، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەمدىكى «جىددىي-
لىكنى تۈگىتىش» نىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى ئۇنى ئىمكانىيەت-
نىڭ بارىچە جىددىيلىشىشكە رىغبەتلەندۇرۇشتىن ئىبارەت.
ھەممە ئەھۋالدا كېسەل ئالامىتىنىڭ ئۇچۇرىنى كېسەل ئالا-
مىتىگە يېپىشقان مۇشۇنداق ئاڭ سىزگە يەتكۈزىدۇ.

لېكىن، سىز ھەرگىز شۇنىڭ بىلەن كېسەل ئالامىتىم
يوقالماي قالارمۇ دەپ ئەنسىرىمەڭ، ئۇ يوقىلىدۇ، ئەمما
سىز ئەنسىرىمەسلىكىڭىز كېرەك. ئەگەر سىزنىڭ ئۆزىڭىز-
دىكى قارىمۇقارشى نەرسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىردىن-
بىر ئاساسىڭىز پەقەت بىر خىل كېسەل ئالامىتىنى ئاياغلاش-
تۇرۇش بولسا، ئۆزىڭىزدىكى قارىمۇقارشى نەرسىنى بىر
تەرەپ قىلىشتا ئازابلىق مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تېتىپ قالى-
سىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرگىز ئۆزىڭىزدىكى قا-
رىمۇقارشى نەرسىنى دېلىغۇللۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ،
بۇ كېسەل ئالامىتىنىڭ يوقالغان ياكى يوقالمىغانلىقىنى بى-
لىشكە تەشۋىش ئىچىدە تەقەززا بولماڭ. ئەگەر سىز «ھەي،
مەن بۇ كېسەل ئالامىتىنى تىرىشىپ تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇر-
دۇم، ئەمما ئۇ تېخى يوقالمىدى، ئۇ تېزرەك يوقالسا بولات-
تى!» دېسىڭىز، ئۇ ھالدا، ئۆزىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن
زادىلا ئالاقە ئورناتمىغانلىقىڭىزنى، پو ئېتىپ، قۇرۇق ئەم-
چەك سالىدىغان تەكەللۇپ سۆزلەرنى قىلىپ خۇدانى ۋە يالما-
ۋۇزنى بەزلەۋاتقانلىقىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.
سىز ئۆزىڭىزنى قاباھەتلىك يالماۋۇزلارغا ئايلاندۇرۇپ، پۈ-
تۈن كۈچىڭىزنى ئېڭىڭىزنىڭ دىققىتىگە قارىتىشىڭىز كې-
رەك، شۇنداق قىلغاندىلا بۇ كېسەل ئالامەتلىرىنى بىمالال،
كەسكىن پەيدا قىلالايسىز ۋە ئۇلارغا مەھكەم ئېسىلىۋالالاي-

سىز.

شۇڭلاشقا، مەن بۇ كېسەل ئالامەتلىرى بىلەن ئۇچراش-قان ۋە ئۇلارنى ئېھتىيات بىلەن ئېتىراپ قىلماقچى بولغاندا، بەزى ئالاھىدە كېسەل ئالامەتلىرىگە — ئەگەر بۇ كېسەل ئالامىتىنىڭ بىر ھېسسىيات يادروسى بولسا — ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن، ئۇ روشەن شەكىلدىكى قاراڭغۇلۇقتۇر، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى خاراكتېر ۋە يۆنىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر X ئەپەندى ماڭا بەزى سۆزلەرنى قىلغانلىقى «ئۈچۈن» ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىم دەپ ھېس قىلسام، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەمىشە قاتتىق ئازابلانسام — گەرچە مەن X ئەپەندىنى ئېڭىمدا يارىتىدىغان، كۆڭلۇمدە ئۇنىڭغا يامان نىيەتتە بولمىغان بولساممۇ — ئالدى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆز - ئۆزۈمگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىمنى چۈشىنىشىم كېرەك. ئۆز ھېسسىياتىمغا جاۋابكار بولۇش ئۈچۈن، مېنىڭ ھازىرقى مەيدانىم بۇنداق پروپېكسىيە رولىنىڭ يۆنىلىشىنى بۇراشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلسام، مەن يېگەن ئازارنىڭ دەل X ئەپەندىگە ئازار بېرىش ئارزۇيۇم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمەن. «X ئەپەندى ماڭا ئازار بەر-دى» دېگەن ئىش ئاخىردا «مەن X ئەپەندىگە ئازار بەردىم» دەپ توغرا چۈشەندۈرۈلىدۇ. لېكىن بۇ ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇنى قاتتىق قامچىلىشىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۆزۈمنىڭ غەزىپىنى چۈشەنسەملا ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ كېتەلەيمەن (گەرچە يەنىلا ياستۇقنى ئېتىپ ئاچچىقىمنى چىقىرىدىغان بولساممۇ). بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، مېنى ئازابلى-غان كېسەل ئالامىتى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى خاراكتېر-

دىن باشقا، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى يۆنىلىشنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۆز ئۇستۇمگە ئېلىشقا تېگىشلىك جاۋاب-كارلىق غەزەپ (بۇ مېنىڭ ئىلگىرى X ئەپەندى ھەققىدىكى ياخشى تەسىراتىمغا قارىمۇقارشى بولغان خاراكتېر) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە بۇ غەزەپنىڭ مەندىن X ئەپەندىگە قاراپ ئېتىلغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت (بۇ مېنىڭ ئاڭ يۆنە-لىشىمگە قارىمۇقارشى نەرسە) نى پەرەز قىلىشىم كېرەك.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھېسسىياتنىڭ پرويېكسىيە رولىنىڭ ئەھۋالىدىن بىز ئىلگىرى ئەتراپتىكى مۇھىت ماڭا كەلتۈرگەن دەپ قارىغان تەسىر ياكى زىيان ـ زەخمەتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆز ـ ئۆزىمىزگە كەلتۈرگەن تەسىر ياكى زىيان ـ زەخمەت ئىكەنلىكىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باسقانلىقىمىزنى كۆرىمىز؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، دەل كۆڭلىمىزدىكى بۇرمىلانغان، بۇزۇلغان ئارزۇ-نىڭ باشقىلارنى باسماقچى بولغانلىقىنىمۇ كۆرىمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە «باشقىلارنى بېسىش ئارزۇسى» دا، ئۇنى باشقا ئۇ-سۇللار بىلەن — ئۆزىڭىزنىڭ پرويېكسىيىڭىزنى ئاساس قى-لىپ — ئىپادىلەيسىز، بۇ ئارزۇلار باشقىلارنى سۆيۈش، باشقىلارنى ئۆچ كۆرۈش، باشقىلارنى تۇتۇپ بېقىش، باشقى-لارنى ئىگىلەش، باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىش، باشقىلارنى ئۆلتۈرۈش، باشقىلارغا تىكىلىپ قاراش، باشقىلارنى بې-سىش، باشقىلارنى يېتەكلەش، باشقىلارنى ئالداش، باشقى-لارنى ئۆستۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزىڭىز بۇ بوش-لۇقنى تولدۇرىسىز ياكى ئۇنى ئۆزىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى تولدۇرغۇزىسىز.

تۆۋەندە قاراڭغۇلۇقنىڭ پرويېكسىيە ھادىسىسىنى داۋا-

لاشنىڭ ئىككىنچى قەدىمى— بۇراشنىڭ مۇتلەق ئاساسىي ئامىل ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىمىز. ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى توغرا يۆنىلىش بويىچە بىلدۈرمىسىڭىز، تېز- دىن ئىلگىرىكى ئادىتىڭىزگە قايتىسىز، بۇ ھېسسىياتىڭىز- نىڭ نىشانى سىزگە قارىتىلىدۇ. شۇڭا، بىر خىل ھېسسى- يات بىلەن، مەسىلەن، نەپرەتلىنىش بىلەن ئۇچراشقاندا، ئاۋۋال بۇنداق نەپرەتلىنىش ھېسسىياتىنى ئۆزىڭىزگە قارى- تىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەكس يۆنىلىشكە بۇراپ، ئۇنى تاپشۇرۇۋېتىڭ! باشقىلارنى بېسىڭ ياكى باشقىلار سىزنى باسسۇن، باشقىلارغا تىكىلىپ قاراڭ ياكى باشقىلار سىزگە تىكىلىپ قارىسۇن، باشقىلارنى رەت قىلىڭ ياكى باشقىلار سىزنى رەت قىلسۇن، بۇ سىزنىڭ تاللىشىڭىز.

باشقىلارغا قىلغان پروييېكسىيىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش بىر قەدەر ئاددىي ئىش بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ، بولۇپمۇ پروييېكسىيە قىلىنغان خاراكتېر، ئالا- ھىدىلىك، ئوي قاتارلىقلارنىڭ يۆنىلىشىنى تۇتۇۋېلىش ئاسان ئەمەس، ھېچبولمىغاندا ئۇلار ھېسسىياتقا ئوخشاش يۆتكى- لىپ تۇرمايدۇ. ئەمما، ئىجابىي ياكى سەلبىي خاراكتېر، مەسىلەن، ئەقىل - پاراسەت، جاسارەت، زەھەرخەندىلىك، ئەخلاقسىزلىق، بېخىللىق قاتارلىقلار گويا بىر قەدەر تۇرغۇن ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ خاراكتېرلارنىڭ يۆنىلىشى- دىن ئەندىشە قىلماي، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىنلا ئەندىشە قىلساق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خاراكتېرلار پروييېكسىيە قىلىنسا، ئۇلارغا بىر خىل كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇسۇلى بىلەن ئىنى- كاس قايتۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا ئەكس ئەتكەن بۇ ھېسسىياتلارنى پروييېكسىيە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن

ئۇلارغا يەنە ئىنكاس قايتۇرۇشىمىز، شۇنداق قىلىپ، قاراڭ-غۇلۇقنىڭ كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىغان قالايمىقانچىلىقىغا ئارىلىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇ جەرياندا ھېسسىيات جەھەتتە ئىپادىلەنمىگەن بولسىلا، ھېچقانداق خاراكتېر ياكى ئوي پرويېكسىيە قىلىنماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا، بىز ئۇلاردىن نوقۇل پايدىلىنىپ پرويېكسىيىنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە ئويلانساق، مەلۇم دەرىجىدە قايتىدىن بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كېتىش پۇرسىتى ياندىشىپ يېتىپ كېلىدۇ.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا، پرويېكسىيە قىلىنىغان ئۇ خاراكتېرلار پرويېكسىيە قىلىنىغان ھېسسىياتقا ئوخشاش، بىز باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرگەن ئالاھىدىلىكلەردىن ئىبارەت. بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىزگە ئۇقتۇرۇش قىلىپلا قالماي، بەلكى بىزگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئالاھىدىلىك ئادەتتە ئۆزىمىزدە بار دەپ قارىغان، بىزنى ئىنتايىن بىزار قىلغان خاراكتېر ۋە بىز ئادەتتە كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى ھەم سۆكمەكچى بولغان خاراكتېرلاردۇر. بىز: «ئۆزىمىزدىكى يامان نىيەتنى سۆكمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قۇرۇتىۋېتىمەن» دەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا پرويېكسىيىنىڭ خاراكتېرى ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ئايلىنىشى مۇمكىن، شۇڭا بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم بۇ ئالاھىدە ئوبيېكتنى تەلۋىلەرچە قوغداشقا ياكى تەنھا ئىگىلەشكە ئۇرۇنىمىز. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئەسەبىيلىك ئۆزىمىزنىڭ مەلۇم خاراكتېردىكى كۈچلۈك ئارزۇسىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

بىزنىڭ ئاخىرقى تەھلىلىمىزدە پرويېكسىيە ھادىسىسى

ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا، خۇددى پروپېكسىيە قىلىنغان ھېسسىياتقا ئوخ-شاش، پروپېكسىيە قىلىنغان بۇ خاراكتېرلەر ھەمىشە بىز ئاڭلىق ھالدا ئىگە بولماقچى بولغان خاراكتېرگە قارىمۇقار-شى نەرسە بولىدۇ، لېكىن ھېسسىياتتىن پەرقى شۇكى، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يۆنىلىشى يوق، شۇڭا ئۇلار ئوچۇق بىر-لىككە كېلىدۇ. ئۆزىمىزدىكى قارىمۇقارشى نەرسىنىڭ رولى-نى ئويناشتىكى بىرىنچى قەدەمدە، باشقىلارنى نېمە ئۈچۈن سۆيىدىغانلىقىمىز ياكى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىمىزدىن قەتئىينە-زەر، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ خاراكتېرى ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىمىز. بۇ بىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولماستىن، بەلكى ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىش. بىز ئۆزىمىزدىكى قارىمۇقارشى نەرسىنىڭ رولىنى ئوينىغاندا، قاراڭغۇلۇق بى-لەن ئۇچرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بېسى-ۋاتقانلىقىمىزنىمۇ چۈشىنىمىز ـ دە، بۇنداق بېسىش ھەردا-ئىمىزنى تەبىئىي ھالدا توختىتىمىز. بۇ خاراكتېرلەرنىڭ يۆنىلىشى بولمىغاچقا، «داۋالاش» تەرتىپىدە ئۇلارنى تۈزەش ئۈچۈن ئىككىنچى قەدەمدە يۆنىلىشنى بۇراشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ.

شۇڭلاشقا، بىز ئۆزىمىزدىكى قارىمۇقارشى نەرسىلەر-نىڭ رولىنى ئويناش، قاراڭغۇلۇققا ئوخشاش ۋاقىت بېرىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ئېتىراپ قىلىش دائىرىمىزنى كېڭەي-تىپلا قالماستىن، بەلكى روھىمىزنىڭ ھەربىر قاتلىمىغا ۋە نامرات كىشىلىك خاراكتېرىمىزگىمۇ جاۋابكار بولىمىز. كىشىلىك خاراكتېر قىياپىتىمىز بىلەن قاراڭغۇلۇقىمىز ئوت-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يوچۇق شۇ يول بىلەنلا «تۈزىلىدۇ ۋە ساقىيىدۇ.»

## قاراڭغۇلۇقنى يۇتۇۋېتىش

بىر ئەمدى «ئادەم ئەمەلىيەتتە قانداق قىلىپ ئۆزىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يۇتۇۋېتىشى ۋە پروپېكسىيە ھادىسىسىنى تۈزىتىشى كېرەك؟» دېگەن سوئالنى مۇۋاپىق قويساق بولىدۇ.

بىر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىمىزنىڭ پۇراش سەزگۈسى، تەم سەزگۈسى، بەدەن سەزگۈسى ۋە ئاڭلاش سەزگۈسىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، ھەۋىسىمىزنى كۆپلەپ ئىشقا سېلىشىمىز، مەسىلەن، ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنى زىيارەت قىلىشىمىز، مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنىشىمىز، سېغىز تۇپىدىن قورقۇنچلۇق ھەيكەل ياسىشىمىز، مۇزىكا چېلىشىمىز، بىر ئاي يالغۇز ياشىشىمىز، ئۆزىمىزنى تالانتلىق جىنايەتچى دەپ قارىشىمىز مۇمكىن، ۋەھاكازا. بىر ئايال كۈندۈزدىكى بوش ۋاقىتتا دىن ئاساسچىسى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ رولنى ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى كۆزىتىپ باقسا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ راست بولماي، ئويۇن تەرىقىسىدە بولۇشى كېرەك. بىر ئەرمۇ كۈندۈزدىكى بوش ۋاقىتتا ئايال پېرىخون قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، بۇنداق سەزگۈنى چۈشىنىپ باقسا بولىدۇ، ئەمما، بۇمۇ راست بولماي، چاقچاق ئورنىدا بولۇشى كېرەك. بۇ ئەر مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق پېرىخونغا ئوخشاش كۈلۈشى ۋە ھۆر - پەرىلەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن، بۇ ئايالمۇ گىگانت ئادەمدەك قاقاقلاپ كۈلۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى ۋە بىرمۇنچە ھۆر -

پەرىلەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن.

بۇ ئەر مەلۇم ئايالنىڭ ئۇنىڭ پېرىخونى (ئۇنىڭدىكى قاراڭغۇلۇق) نى چەكلىمەكچى بولغانلىقىنى سەزگەندە، ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ قىزغىن سالاملىشىپ: «مەن پېرىخو- نۇمنى ئەكەتمەكچىمەن، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ!» دې- يىشى كېرەك. بۇ چاغدا قارشى تەرەپنىڭ چىرايىدا غەلىتە بىر تەبەسسۇم كۆرۈنۈشى مۇمكىن، ئۇ قايتۇرۇپ بېرىشى ياكى قايتۇرۇپ بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئايال ھەقى- قەتەن قايتۇرۇپ بەرسە، ئەر ئەدەپ بىلەن خوشلىشىپ، تام تۆۋىگە بېرىپ، پېرىخونىنى تامغا قاراپ تۇرۇپ ئاستا يۇتۇۋې- تىشى كېرەك. ئايالمۇ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ شۇنداق تەلەپنى قويسا بولىدۇ، چۈنكى ئانىلار ئادەتتە قىزلىرىنىڭ پېرىخونىنى ھوقۇق شەكلىدە كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئايال دادىسىغا: «مېنىڭ گىگانت ئادىمىم (ئۇنىڭدىكى قاراڭغۇ- لۇق) سىزنىڭ قولىڭىزدا، مەن ئۇنى ئەكېتىمەن» دېسە بولىدۇ. ياكى بولمىسا ئىلگىرى ئوقۇتقان ئوقۇتقۇچىسىنى، ياكى ئىلگىرىكى ئېرى (ھازىرقى ئېرى بولۇشىمۇ مۇمكىن) نى تاپسا ۋە «مېنىڭ پاسسىپ دېن ئاساسچىم (قاراڭغۇلۇق) سىزنىڭ قولىڭىزدا، ئۇنى ئەكېتىمەن» دېسە بولىدۇ. پېرى- خون، گىگانت ئادەم ياكى پارپىنى مۇھاپىزەت قىلغان ئادەم ئۆلگەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئۇچرىشىش يەنىلا خېلى ياردەم بېرىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇللاردىن تاشقىرى، بىزنىڭ قاراڭغۇلۇق- نى يۇتۇۋېتىشىمىزگە، پروپېكسىيە ھادىسىسىنى تۈزىتىشى- مىزگە ياكى ئارقىمىزدا سۆرىلىۋالغان يۈكنى قىسقارتىشقا ياردەم بېرىدىغان بىرمۇنچە باشقا يوللارمۇ بار، بىز بىلىدىغان

ياخشى چارىلەر بەك كۆپ. مەن ئېھتىياتچان سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى تەكلىپ قىلىمەن، توغرا ۋە تەبىئىي ئاساسقا ئىگە سۆزلەرنى ئىشلىتىش، ئاڭلىق سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىش — بۇ دۇنياغا تارقالغان قاراڭغۇلۇقلارنى تۈزەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ سىرتقا قويۇپ بەرگەن روھىمىز (سۆز، ھەرىكەت قاتارلىقلار) ئەمەلىيەتتە روھىمىز يېتەلمەيدىغان جايلاردا تارقىلىپ يۈرىدۇ، تىلدىن پايدىلىنىش ماھارىتى ئۇلارنى روھىمىز دائىرىسىگە قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ بىر ئۇسۇلى. بەزى تىللارنىڭ خاراكتېرى تورغا ئوخشايدۇ، شۇڭا بىز بۇ تورلاردىن ئاكتىپ پايدىلىنىشىمىز، ئۇلارنى ئىشلىتىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئايال پېرسوناژىمىزنى قايتۇرۇۋالماقچى بولساق، خۇددى مەندۇۋى يېتەكچىمىزنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغاندا باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن چۈشىنىشنى پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرماي، ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېزىۋالغانغا ئوخشاش، ئۇنى خاتىرىلىۋېلىشىمىز كېرەك. تىل بارلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۈزىتىلگەن قاراڭغۇلۇق ماھىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنى ئېيسا شىنگې (1904 — 1991 - يىللار، پولشىدا تۇغۇلغان ئامېرىكا يازغۇچىسى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى) ۋە شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز. بەزى چاغلاردا تىلنى ئىشلىتىش ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ كۆرۈنسە، رەسىملىك ياكى ھەيكەلتىراشلىق ئۇسۇلىنى ۋە ياكى سۇ بوياق رەسىم ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كۆڭلىمىزدىكى ئوبرازنى سىزىشىمىز مۇمكىن. ئېڭىمىزنىڭ دىققىتىنى مەزكەزلەشتۈرۈپ بۇ ئايال پېرسوناژنى سۈرەتلىسەك، ئۇنىڭ زادى كىمنىڭ ئۆزىنى ئىد-

گىلەپ تۇرغانلىقىنى تېز بايقايمىز. شۇڭا بۇ بەشىنچى باس-
قۇچ پائالىيەت، تەسەۋۋۇر، ئوۋچىلىق، سوراشنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ.

پروپېكسىيە قىلىنغان نەرسىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە
قىلغان كىشىلەر يادرو ئۇرۇشى خەۋپىنى ئىلگىرى سۇرىدۇ،
چۈنكى ئەگەر پۈتكۈل روھىمىز بىلەن تىلىمىز، سەنئىتى-
مىزنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرمىسەك، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ئاس-
مان بوشلۇقىدىكى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرىدۇ، پەقەت زۇڭتۇڭ
رىگانلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ. چۈنكى ئۇ غايەت زور مەنى-
ۋى تازىلىغۇچقا ئىگە، ئۇلارنى تولۇق يىغىۋالالايدۇ. ئەگەر
سىز خاتىرە يېزىشنى ياكى سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىشنى خالىمىسىڭىز، ھېچكىم سىزنى جىنايەت تۈيغۇ-
سىغا كېلىشكە مەجبۇرلىمايدۇ، ئەمما، ئەگەر سىناپ كۆ-
رۈشنى خالىسىڭىز، بۇ پائالىيەتلەر دۇنيانىڭ پۈتۈنلۈكىنى
ساقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئەنگلىيىلىك شائىر ۋە ئويما رەسىم
رەسسامى بلاك: «سەنئەتكار بولمىغان ئادەم خرىستىئان دىنى
مۇرىتى بولالمايدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ سۆزى بىر ئادەم ئەگەر
ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئۇچرىشىشنى، تىل، مۇزىكا،
ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىقتىن ئاكتىپ پايدىلىنىشنى خا-
لىمىسا ياكى خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تونىنىلا كى-
يىپ قوپال تراكتورنى سۆرەپ يۈرۈۋەرسە، ئۇنى ئىنسان
دېگىلى بولمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بلاك ئۆزىنىڭ
قاراڭغۇلۇق خاراكتېرىنى ئۈچ خىل ھەرىكەت مىزانى ئارقى-
لىق چەكلىگەن. ئۇلار رەسساملىق، مۇزىكا ۋە تىلدىن ئىبا-
رەت. ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان شېئىرلار ئارقىلىق بايان قى-
لىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى مۇزىكىغا سىڭدۈرۈۋەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەن. ئۇنىڭ يېنىدىن تارقالغان روھنىڭ بىرىنچىسى سىياسەت-چىلەر باشقا دۆلەتلەرگە پروپېكسىيە قىلالمايدۇ. بىز ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ روھىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرەر ئىش قىلىشىمىز كېرەك، بۇ ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن يۇتۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزىمىزنىڭ روھىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىككە ۋە سىياسەتچىلەرنىڭ ئۇنى تېرىۋېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو ياكى جەنۇبىي ئامېرى-كا دۆلەتلىرىگە قارشى تۇرماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز.

## مۇكەممەل ئۆزلۈكنى تېپىپ كېلىش

ئادەم ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى، تەجرىبىسى بىلەن بولغان باشلىنىشنى يوقىتىپ قويغان ھالەتكە قانداق يېتىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئەھمىيىتىنى ھېس قىلالمايدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرمۇنچە ئاتا ـ ئانىلار باشتىن تارتىپ بالىلىرىغا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى قانداق تورمۇزلاش-نى ئۆگىتىدۇ. ئوغۇل بالا يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلانغاندا، دادىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن: «ئوغۇل دېگەن يىغلىمايدۇ!» دەيدۇ. قىز بالا ئۇكىسىغا ئاچچىقلانغاندا ياكى ياشىنىپ قالغان تۇغقانلىرىغا ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قد-لىقلارنى قىلغاندا، ئانىسى ئۇنىڭغا: «بۇ ناھايىتى يامان ئوي، سەن ئۇنداق ئويلىمىدىڭ ـ ھە!» دەپ نەسىھەت قىلى-دۇ. بىر بالا تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ۋە ھاياجان بىلەن ئۆيگە ئېتىلىپ كىرسە، بۇنىڭدىن خاپا بولغان ئاتا ـ ئانىسى

ئۇنى: «سەن زادى نېمە بولدۇڭ؟ نېمىشقا بۇنداق قاتتىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىسەن؟» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ھېس-سىيات جەھەتتە ئىنتايىن يىراقلاشقان ۋە بوغۇلغان ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتە ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزلىرىگە ئوخشاش يى-راقلاشقان ۋە بوغۇلغان بالىلارنى پەيدا قىلىشقا مايىل بول-دۇ، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روشەن ئالاقە ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە ئاتا ـ ئانىسى كۆرسەت-كەن ئۈلگىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؛ ئاتا ـ ئانا كۆرسەتكەن ھەرىكەت نەمۇنىسى بالىلارغا نېمىنىڭ «مۇۋاپىق»، «نامۇۋا-پىق» ئىكەنلىكىنى ۋە «جەمئىيەت قوبۇل قىلىدىغان» ھەرى-كەت ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ. دىنىي تەنبىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا دىنىي تەنبىھتىكى ئىچىنىشلىق ئىدىيىلەر، مەسىلەن، «قەبىھ ئوي» ياكى «قەبىھ ھېسسىيات» قاتارلىقلار ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش ئۈمىدىدە بولىدۇ، شۇڭا بالىلارنىڭ روھىي تۇر-مۇشى ئەخلاق ۋەھىمىلىرىگە تولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ بالا بىر خۇلاسىگە كېلىپ، مېنىڭ ھېسسىياتىمدا يوشۇرۇن خەۋپ بار ئىكەن دەپ قارىشى، بەزىدە بۇ ھېسسىياتلارنىڭ ئاقىلانە تاللاش ئىكەنلىكىنى ئىن-كار قىلىشى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۆز ھېسسىياتىم-نى ‹كونترول قىلىشىم› كېرەك ئىكەن» دەپ قارىشى مۇم-كىن.

«كونترول قىلىش» ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن بۇ تىرىش-چانلىقتىن تۇغۇلغان ئۈنۈم، ئەمەلىيەتتە، بالىنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىنكار قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز ھېسسىياتىنى چۈشىنىشنى قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توختىتىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئەگەر ھېسسىياتنى جىسما-
نىي، روھىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئوخشىتىپ، ئۇ
روھىي ھالەت بىلەن جىسمانىي ھالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ
دېسەك، ھېسسىياتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىمۇ ئوخشاش بول-
مىغان ئىككى باسقۇچتا يۈز بېرىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ پىسى-
خىكىلىق سەزگۈ باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا بالا ئۆزى
ئۈمىد قىلمايدىغان ھېسسىياتنى ئېتىراپ قىلىشنى ياكى
ئېنىق تونۇشنى توختىتىدۇ؛ ئۇ دىققىتىنى بۇنداق ھېسسى-
ياتلاردىن ئادەتتىن تاشقىرى تېز يۆتكەيدۇ. جىسمانىي سەز-
گۈ باسقۇچىدا بولسا بالا بەدىنىنى قىسىپ، مۇسكۇللىرىدا
بىر خىل كېرىلىش كۈچى ھاسىل قىلىپ، ئۇنى بىر خىل
ئالاھىدە ناركوز قىلىش ئۇنۇمىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ
بىلەن بالا بىخۇدلىشىپ، ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى سەز-
گۈرلۈك بىلەن سېزەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يۈز
ۋە كۆكرەك مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قالىدۇ، نەپىسى تېزلى-
شىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ئۇچرىغان زىيان ـ زەخمەتكە
بولغان تونۇشىمۇ يوقىلا چىقىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى،
بۇ جەريان ئەلۋەتتە ئاڭنىڭ كونترول قىلىشى بىلەن يۈز
بەرمەيدۇ، شۇنداقلا باھا بەرگەندىن كېيىنكى قىلمىشلارمۇ
بەلگىلىگەن ئەمەس؛ مەلۇم دەرىجىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يوشۇ-
رۇن ئاڭنىڭ نەتىجىسى. ئەمما ئۆزلۈكتىن يىراقلىشىدىغان
بۇنداق ئۆزگىرىش جەريانى رول ئويناشقا باشلايدۇ، بالا ئۆ-
زىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە
باھاسىنى بىكار قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى ئىنكار قى-
لىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ بىر قىسىم كىشىلىك خاراك-
تېرىنى قانداق ئىنكار قىلىشنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ (بىلىشى-

مىز كېرەككى، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى قانداق قىلىپ ئاقىلانە ئۇسۇل بىلەن چەكلەش پۈتۈنلەي باشقا بىر مەسىلە، بىز بۇ يەردە ئاساسەن «ئىچكى تەجرىبىنى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ رولى ئارقىلىق تورمۇزلاش ۋە ئىنكار قىلىش» ھەققىدىكى قارىشىمىزنى بايان قىلدۇق). ئەمما، بۇنىڭدىن تاشقىرى، بىر ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنىڭ قانداق تورمۇزلىنىشىدا باشقا بىرمۇنچە ئامىللارمۇ بار، ئەلۋەتتە.

كۆپ سانلىق بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى بىرقانچە يىللىق تۇرمۇشىدا بىرمۇنچە ۋەھىمىلىك ۋە ئازابلىق تەجرىبىسى بولۇشى مۇمكىن. بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنىڭ سىيلاش ۋە قۇچاقلاشقا بولغان ئېھتىياجىغا زادىلا پەرۋا قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن؛ يا ئۇلارنى دائىم قاتتىق تىللىغان بولۇشى، يا ئۇلار بىلەن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ تاكاللاشقان بولۇشى مۇمكىن؛ باشقۇرۇش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قەستەن ۋەھىمە ۋە جىنايەت تۇيغۇسى پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن؛ بەزىدە ئۇلارغا ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈنگەن، بەزىدە ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان، ئۇلاردىن يىراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن؛ دائىم سۇبيېكتىپچىلىق بىلەن ئۇلارنى يالغانچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ قارىغان ياكى ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇلارغا سەل قارىغان، قىلچە پەرۋا قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن؛ دائىم ئۇلارنى ئۇزلۇكسىز تەنقىد قىلىۋەرگەن، ئۇلارغا كايىۋەرگەن بولۇشى مۇمكىن؛ دائىم ئۇلارنى كىشىنى تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان، بىر ـ بىرىگە زىت پەندى ـ نەسىھەت بىلەن باسقان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇلارنىڭ تەلىپى ياكى ئۈمىدىگە، ئۇلارنىڭ تونۇشى، قىزىقىشى ۋە ئېھتىياجىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەل قارىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇلارغا ھەدەپ تەن جازاسى بېرىۋەرگەن بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇلارنىڭ ئىستىخىيە ۋە ئۆز تەشەببۇسى ئاساسىدىكى تىرىشىشىنى توسالغۇغا ئۇچراتقان ياكى ئۇلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بالىدا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ھەققىدە ئۇقۇم جەھەتتىكى بىلىم بولمايدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەنگۈدەك ئەتراپلىق بىلىمۇ بولمايدۇ. لېكىن بەزى چاغلاردا ئۇ ۋەھىمىلىك ۋە ئازابلىق تەجرىبىگە قارشى تۇرالماسلىقى، ئۇنداق قىلىشقا چامىسى يەتمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى قوغداش، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالالايدىغان كەچۈرۈش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئىچكى روھىي ھالىتىدىن قۇتۇلۇش كېرەكلىكىنى دائىم ئۇن ـ تىنسىز، ناتىۋانلىق بىلەن ھېس قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ شۇنچە چىدىغۇسىز ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەھىمىسى ۋە ئازابىنى چۈشىنىشنى، ئىپادىلەشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشكارىلاشنى خالىمايدۇ، ئۇلار ۋۇجۇدۇمدا ساقلىنىپ تۇرۇشى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى جىددىي ھالەت ھاسىل قىلغان تامنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇنداق ھېسسىياتىنىڭ ئۆزىگە تەھدىت سالىدىغانلىقىنى چۈشىنىشنى ئۇمىد قىلمىغاندا، ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئەندىزىسى تەكرار كېلىپ چىقىدۇ.

بۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭ پاسسىپ ھېسسىياتىنى توسۇپلا قالماستىن، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ھېسسىياتنىڭ تورمۇزلىنىشى ئۇنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى سىغدۇرۇش كۈچىنىمۇ

چەكلەپ قويىدۇ. ئادەمنى تاشقى كېسەللىك بويىچە ئوپېرات-سىيە قىلىپ ناركوز دورىسى بەرگەندە، ئۇ ئىقتىدار جەھەتتە ئازابنىڭ يوقالغانلىقىنى چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى ئىقتىدار جەھەتتە خۇشاللىقنىڭ يوقالغانلىقىنىمۇ چۈشىنىدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا چۈشىنىش، سېزىش ئىقتىدارى توسۇپ قويۇلىدۇ. بۇ قائىدىنى ھېسسىياتنى تورمۇزلاش تەرەپكىمۇ تەتبىق قىلىش مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، شۇنى ئايرىش كېرەككى، ھېسسىياتنى تورمۇزلاش دەرىجىسىدە پەرق بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ تورمۇزلىشى چوڭقۇر ۋە ھەممە يەرگە سىڭگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ھەممە ئادەمگە مەنسۇپ بولغان پاكىت شۇكى، ئادەمنىڭ ئازابنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئازىيىشى ئەمەلىيەتتە خۇشاللىقنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئازىيىشى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولىدۇ.

ئادەتتىكى ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتە نۇرغۇنلىغان ئېتىراپ قىلىنمىغان، ئاشكارىلانمىغان ئازابنا قالغانلىقىنى ئىسپاتلاش قىيىن ئىش ئەمەس، بۇنداق ئازاب ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىنلا ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى بىرقانچە يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىسىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بىرنەچچە خىزمەتدىشىم بىلەن بۇ مەسىلىگە ئائىت ھادىسىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياش روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ئادەتتىكى ئاھالىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىز قويغان مەسىلىنىڭ دائىرىسىنى بەك مۇبالىغە قىلىۋەتتىڭىز دەپ قاراپ، باشقىچە پىكىر بىلدۈردى. مەن ئۇنىڭدىن بىر تۈرلۈك ئىسپاتلاش تەجرىبىسىگە قاتنىشىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغان-

لىقىنى سورىدىم. ئۇ ئەقىللىق، ئەمما باشقىلارغا ئانچە ئوخشاشمايدىغان ئادەم ئىدى؛ ئۇ سۆزلىگەندە، گويا شۇ سورۇندىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ پىكرىگە قىزىقىدىغانلىقىدىن گۇمانلانغاندەك، ئىنتايىن سالماق ۋە ئاستا سۆزلىدى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن قاتنىشىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، لې- كىن ئۇ ئەگەر مېنىڭ بالىلىق تۇرمۇشۇم ئۈستىدە ئىزدەن- مەكچى بولسىڭىز، ئومۇمىي نەزەرىيىڭىز توغرا بولغان تەق- دىردىمۇ، ئۈمىدسىزلىنىپلا قالماي، مەقسىتىڭىزمۇ ئوڭۇش- سىزلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن، چۈنكى مېنىڭ بالىلىق تۇرمۇ- شۇم ئالاھىدە كۆڭۈللۈك ئۆتكەن، دەپمۇ ئاگاھلاندۇردى. ئۇ: «ئاتا ـ ئانام ھەر خىل ئېھتىياجىمنى ھامان ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە قاندۇراتتى، شۇڭا مېنى تەجرىبە قىلىد- مەن دېگىنىڭىز ياخشى چارە بولماسلىقى مۇمكىن» دېدى ۋە باشقا مۇۋاپىقراق پىدائىي تېپىشنى تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ تۇرلۇك ئىسپاتلاشنى ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ مېنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

مەن ئۇنىڭغا بىر سىناق ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدىغان- لىقىمنى چۈشەندۈردۈم، مەن ئۇنى بىمارلارنى داۋالاش مەق- سىتىدە لايىھىلىگەنىدىم. مەن ئۇنىڭدىن ئورۇندۇققا يۆلىد- نىپ ئولتۇرۇپ، بەدىنىنى بوش قويۇۋېتىشنى، ئىككى قو- لىنى ئىككى يېنىغا ئەركىن قويۇۋېتىشنى ۋە كۆزىنى يۇمۇش- نى تەلەپ قىلدىم.

«ھازىر سىز، — دېدىم مەن، — مۇنۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلىڭ. سىز ھازىر دوختۇرخانىدىكى كارىۋاتتا ياتىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدىڭىز. سىزنىڭ

يېشىڭىز ھازىرقى ئۆزىڭىز بىلەن تەڭ. سىز جىسمانىي جە-ھەتتە ئازابلانمىدىڭىز، لېكىن ھاياتىڭىزنىڭ بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى سەزدىڭىز. ئەمدى تەسەۋۋۇر كۆچىڭىزنى ئىشقا سېلىپ بېشىڭىزنى كۆتۈردىڭىز ۋە ئاند-ڭىزنىڭ كارىۋىتىڭىز يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردىڭىز. ئۇنىڭ يۈزىگە قاراڭ. سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلەرگە ئېيتمىغان بىرمۇنچە ھېسسىياتلىرىڭلار بار. سىز بىلەن ئانىڭىز ئوتتۇ-رىسىدا بىلدۈرۈلمىگەن سۆزلەرنى — ئۇنىڭغا ئېيتمىغان سۆزلىرىڭىزنى، ئۇنىڭغا بىلدۈرمىگەن ئويىڭىز ۋە ھېسسىيا-تىڭىزنى ھېس قىلىپ بېقىڭ. ئەگەر ئۇنى ئانامغا يەتكۈزىمەن دېسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدىكى مۇشۇ پۇرسەتلا قالدى. ئەگەر ئانام بىلدۈرمەكچى بولغانلىرىمنى ئاڭلاپ قالسۇن دېسىڭىزمۇ كۆز ئالدىڭىزدىكى مۇشۇ پۇرسەتلا قالدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىڭ، ئۇنىڭغا ئېيتىڭ!»

مەن سۆزلەۋاتقاندا بۇ ياش ئىككى مۇشتىنى چىڭ تۇگ-دى، يۈزى قىزىرىپ كەتتى، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ پېشانى-سىنىڭ پۇرۇشكەنلىكىنى، كۆز چانىقىدا توختاپ قالغان ياش-لىرىنى ئېنىق كۆرەتتى. ئۇ سۆزلىگەندە ئاۋازى تېخىمۇ جاراڭلىق، تېخىمۇ كەسكىن ئاڭلاندى، ئۇنىڭ سۆزلىرى بىر ئۆرلەپ، بىر پەسەيگەن شاۋقۇنغا ئوخشايتتى، ئۇ: «مەن سىزگە گەپ قىلغاندا، نېمە ئۈچۈن چۈشەندۈرۈشۈمنى زادىلا ئاڭلىمىغان؟… نېمە ئۈچۈن چۈشەندۈرۈشۈمگە زادىلا پەرۋا قىلمىغان؟» دېدى.

دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ دەيدىغان يەنە بىرمۇنچە گەپلىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ داۋاملىق سۆزلىشىنى توسۇدۇم. مېنىڭ بۇ ئىسپاتلاشنى داۋاملاشتۇرغۇم يوق ئىدى. چۈنكى ئەگەر

شۇنداق قىلسام، ئۇنىڭ مەخپىيىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ پسىخىكىلىق داۋالاش سورۇنى ئەمەس ئىدى، ماڭا بۇنداق داۋالاش تەلىپىمۇ قويۇلمىغانىدى؛ لېكىن بىز ئۇنىڭغا بالىلىق دەۋرىدە باشقىلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاشنى ئۇمىد قىلىپ ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىق بىلەن چوڭ بولغاندىن كېيىن ئارتۇقچە ساقلىنىپ قالغان خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قىزىقارلىق قىلىپ كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. ئۇ بىر دەمدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى سىلكىدى، ئازراق ھەيران قالغانلىقى، شۇنداقلا ئازراق خىجىل بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماڭا قارىغاندا بۇ قاراشنى ئېتىراپ قىلغان ئىپادىسىنى كۆرسەتتى.

شۇنى كۆرسىتىشىم كېرەككى، بۇ ماھارەتنى تولۇق قوللىنىش پرىنسىپى ئۇخلىتىلغۇچى ياكى بىماردىن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۇدۇل تىركىشىش، ئارقا ـ ئارقىدىن تىركىشىشنى تەلەپ قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا غايىۋى ئانام ياكى دادام پەيدا بولدى دەپ قىياس قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىي ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە غايىۋى دادىسى ياكى ئانىسىدىن ئۆزى خالىغان ھەرقانداق نەرسىنى تەلەپ قىلىش تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ پايدىلىق چارە ئادەمنىڭ ئىلگىرى ئىنكار قىلىنغان ياكى تورمۇزلانغان ئېھتىياجى ۋە ئوڭۇشسىزلىقى بىلەن ئۇچرىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ (ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، ئادەتتە بۇنداق سىناش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا ئادەمدىن يەردە تۇز يېتىش، ئىككى پۇتىنى مىنگەشتۇرمەسلىك ۋە ئىككى قولىنى سىرتقا سوزۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، چۈنكى تەتقىقاتتا ئادەم بەدىنىنىڭ مۇداپىئە خا-

راكتېرى يوقالغان قىياپەتتە تۇز ياتسا، ئۇنىڭ پسىخىكىلىق مۇداپىئە خاراكتېرىنىڭمۇ ئاجىزلايدىغانلىقى بايقالدى).

ئەمدى ھېلىقى ياش روھىي كېسەللىك دوختۇرنىغا قاراپ باقايلى، شۇنى كۆرسەتمەكچىمەنكى، ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلىكى شەك - شۈبھىسىز پاكىت. ناھايىتى روشەنكى، ئۇ «بالىلىق تۇرمۇشۇم كۆڭۈللۈك ئىدى» دەپ بايان قىلغاندا ئىنتايىن سەمىمىي دېگەن، لېكىن ئۇ ئىلگىرى تارتقان ئازابىنى تورمۇزلىغانلىقى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بەزى مۇۋاپىق ئېھتىياجلىرىنى، بەزى مۇھىم ھېسسىياتلىرىنى ئىنكار قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بىر قىسمىنىمۇ ئىنكار قىلغان. بۇنداق ئۇزلۇكسىز تەسىر ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ھېسسىيات جەھەتتىكى بىر خىل زىيانغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئىدىيە جەھەتتىكى بىر خىل زىيانغىمۇ ئايلانغان. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنغان ياكى تەمشەلگەندە ئۇنىڭ ئۆتمۇشتىكى ئەھۋالى ھامان ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ تورمۇزلانغان كىشىلىك خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە تەمشەلگەندە بۇرمىلانغان ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بۇنداق بۇرمىلانغان ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ ھازىرقى كىشىلىك مۇناسىۋىتىگە مۇقەررەر ھالدا كاشىلا قىلغان.

ئادەم مۇھىم بولغان خاتىرىسى، باھاسى، ھېسسىياتى، ئوڭۇشسىزلىقى، ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجىنى تورمۇزلىغاندا، ئاچقۇچلۇق مۇھىم ماتېرىيالغا يېقىنلىشىشتىن باش تارتىدۇ، ئۇ تۇرمۇشى ياكى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئويلىماقچى بولغاندا، قاراڭغۇدا تەمتىرەپ يۈرۈشكە ھۆكۈم

قىلىنغاندەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، چۈنكى ئاچقۇچلۇق ماتېرىياللار ئاللىقاچان غايىب بولغان. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ تورمۇزىنى «قوغدىشى»، ئۆزىنىڭ مۇداپىئەسىنى «ساقلىشى»، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇن ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىنى ئىدىيە جەھەتتىكى «خەتەرلىك» يولغا — جىمىققان ياكى ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان شەيئىلەرنىڭ قايتا نامايان بولۇشىغا «قۇتراتقۇلۇق» قىلىدىغان ياكى سەۋەبچى بولىدىغان يولغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىشى كېرەك. بۇرمىلاش ۋە ئۆزىنى زورمۇزور ئاقلاشتىن ئەمەلىيەتتە ساقلانغىلى بولمايدۇ.

بەزىدە بىمار بۇنداق داۋالاش سىنىقىنى قوبۇل قىلغاندا خېلى دەرىجىدە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ ئەھۋالغا پۈتۈنلەي چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. ئەمما بىمارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش شەكلىنى كۆزەتكەندە بەزىدە مەسىلىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

بىر قېتىم بىر خىزمەتدىشىم رىياسەتچىلىك قىلغان كوللېكتىپ داۋالاش يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ بۇ ماھارەتنى كۆرسەتكەنىدىم. دەسلەپتە سىنىقىمنى قوبۇل قىلغۇچى ئايال دادىسىنى پەرۋاسىز، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك تەلەپپۇزدا بايان قىلدى، ئۇنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى ئۆزى ئۈچۈن ھېسسىيات مەنىسىنى يوقاتقانىدى. ئەمما ئۇنىڭ مۇداپىئەسى يىمىرىلىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ مەن تۆۋەندىكى سوئال بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا تېخىمۇ شۇنداق بولدى:

«لېكىن، دادىسى شۇنداق مۇئامىلە قىلغاندا ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن قىزچاق قانداق ھېسسىياتقا كېلىدۇ؟»

بۇ چاغدا ئۇ گويا ئۆز ھېسسىياتىنىڭ تېخىمۇ سىرلىق يېرىگە چۈشۈپ كەتكەندەك ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى؛ ھەممەيلەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى غەزەپنى ۋە ئۇ ئۇچرىغان زىيان ـ زەخمەتنى كۆردى. ئۇ بوشاشماقچى بولغاندەك قىلدىيۇ، تۇساتتىن تې-خىمۇ سوغۇق پوزىتسىيىسىگە قايتتى، ناھايىتى روشەنكى، ئۇ ئىلگىرىكى تەجرىبىسىدىن يەنىلا ئىنتايىن قورقاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەش تەلەپپۇزى بىلەن ئاقلىماقچى بولۇپ: «ئە-مەلىيەتتە، سىزدىن رەنجىسەم بەكمۇ خاتا قىلغان بولىمەن، ئىشقىلىپ سىزمۇ ياردەم بېرەلمەيسىز، سىزنىڭمۇ ئۆزىڭىز-گە تۇشلۇق مەسىلىڭىز بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز باللارنىڭ ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى زادىلا ئۇقمايسىز» دې-دى. مەن ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى قاراشنىڭ «كىمدىن كۆرۈش» بىلەن تامامەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە ئاسا-سەن ئۇنىڭ قانداق تەجرىبىگە يولۇققانلىقى ۋە ھېسسىياتى-نىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۇقۇش ئۈچۈنلا جەم بولغانلىقى-مىزنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلاپ خېلى خاتىرجەم بولدى، شۇنداقلا ئۆز ھېسسىياتىنىڭ ھاڭغا يەنە چۈشۈشكە باشلىدى، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ۋە قارىشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك تەلەپپۇزدا يەنە بايان قىلىشقا كىرىشتى. ئەمما، ئۇ ھەر قېتىم غەزەپ ئۇچقۇنىنى چاقناتماقچى بولغان-دا، گويا ئاپتوماتىك توسۇش رولى كېلىپ چىققاندەك قىلات-تى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلىدىكى سوغۇق، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز تەلەپپۇزغا قايتاتتى، شۇنداقلا ئۆزى قوبۇل قىلغان بۇ داۋالاشنى ھەر خىل «باھانە» بىلەن يەنە تەنقىد قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇداپىئە قىلىش روھىي ھالىتىنى بوشاشتۇرۇشقا يەنىلا تەييارلىنىپ بولمىغانىدى.

ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ غەزەپلىك ھېس-سىياتىنى تولۇق چۈشىنىشكە يول قويۇش چىداپ بولمايدى-غان تەھدىت ئىدى. ئاتا - ئانىسىغا بولغان غەزىپىنى يوشۇر-غان بۇنداق ھەرىكەت ئۇنىڭغا جىنايەت بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇ ئاتا - ئانام ھېسسىياتىمنى بىلىپ قالسا، ئۇلاردىن مەڭگۇ ئايرىلىپ قالىمەن دەپ قاتتىق قورقاتتى. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەپىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ھېسسىياتىنىڭ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىگە يول قويى-سا، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان زىيان - زەخمەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچ كېلەتتى، بۇ ئازابنىڭ ئادەمنى بەك قىينايدى-غانلىقىدىن باشقا، ئۇ بۇ پاكىتقا تاقابىل تۇرۇشقا تېخى تەييارلىنىپ بولمىغانىدى.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ يالغۇزچىلىقتا قالغانلىقىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بىلەن بىۋاسىتە تىركىشىشى، ئۆزىگە لازىم بولغان، ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئاتا - ئانىغا بالىلىق ۋاقتىدا ئىگە بولالمىغانلىقى، ھازىرمۇ ياكى كەلگۈسىدىمۇ مەڭگۈ ئىگە بولالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇ-رۇشى كېرەك ئىدى.

يەنە بىر مىسال يادىمغا كەلدى، سىناق ۋە داۋالاشنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا، بۇ بىمارنىڭ كۆڭلىدىكى تۇسالغۇ ئۆزى چۈشەندۈرمەي تۇرۇپلا تولۇق ئاشكارىلانغانىدى. بۇ ئىش بۇ بىمار گۇرۇپپىنىڭ داۋالىشىنى قوبۇل قىلىپ بىر ئايچە ۋاقىتتىن كېيىن يۈز بەرگەن. ئۇ يىگىرمە بەش ياش ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ مەن ئۇچراتقان بىمارلار ئىچىدىكى چىرا-يى سۇرلۇك، جانسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى بەدىنى ئەڭ جىددىي ھالەتتە تۇرغان بىمارلارنىڭ بىرى ئىدى. سىز-ىش

ئىقتىدارىنى تولۇق يوقاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىن نېمە-
نى كۈتۈشىنى ياكى نېمە ئىشقا ئىنتىلىشىنى بىلمەيدىغانلىقى
ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئاغرىنىشى ئىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ
يىغلىيالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن سىناش
ۋە داۋالاشقا باشلىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ سوغۇق
مۇئامىلىسىدىن ۋە مۇتلەق مۇستەبىتلىكىدىن قورقۇپ كەل-
گەنلىكىنى سىلىق، يۇرەكسىز ئاۋازى بىلەن بايان قىلدى.
مەن ئۇنىڭغا ئوغۇل بالىنىڭ بەزى چاغلاردا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
قاتتىق باشقۇرغانلىقىدىن غەزەپلىنىدىغانلىقى ۋە نارازى بول-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. لېكىن ئۇنىڭ بەدىنى توساتتىن
قاتتىق تىترەشكە باشلىدى، ئۇ: «ئەمدى سۆزلىمەيمەن!»
دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. مەن: «بىرەر ئىش بولدىمۇ؟» دەپ
سورىدىم. ئۇ: «ئەگەر سىز غەزىپىڭىزنى ئۇنىڭغا دېسىڭىز»
دېدى ـ دە، تارام ـ تارام ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى،
ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ: «ئۇنىڭدىن قورقىمەن! ئۇنىڭ ماڭا
قەست قىلىشىدىن قورقىمەن! ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!»
دېدى.

ئۇنىڭ دادىسى تەخمىنەن يىگىرمە يىل ئىلگىرى ۋاپات
بولغانىكەن، ئۇ چاغدا ئۇ ئاران ئالتە ياش ئەتراپىدا ئىكەن.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە ئۇنىڭدىن سۆھ-
بەت شەكلىدىكى بۇ سىناقنى يەنە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ
قىلمىدىم. پەقەت ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىدىكى ئەزالارنىڭ
سىناق ۋە داۋالاشنى قانداق قوبۇل قىلغانلىقىنى چەتتە كۆ-
رۈپ تۇرۇشقا يول قويدۇم. لېكىن ھەر قېتىم كوللېكتىپ
دىئاگنوز قويۇلغاندا، باشقىلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە جارا-
ھەتلەنگەن تەجرىبىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ قايتا ئەسلىگەنلىكى-

نى ئاڭلىغاندا، ئۇ ھەر قېتىمدا دېگۇدەك ئۆزىنى تۇتۇۋالال-
ماي يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بارغانسېرى بالىلىق
دەۋرىنى ھېسسىيات قوشۇلغان ئۇسۇل بىلەن ئەسلەيدىغان ۋە
ئۆتكەنكى ئىشلارنى سۆزلەيدىغان بولدى. بىرنەچچە ھەپتە
ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بوشاشقانلىقىنى، جىد-
دىيلىك كەيپىياتىنىڭمۇ يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقىنى ۋە سې-
زىش ئىقتىدارىدا قايتا جانلىنىش ئالامەتلىرىنىڭ پەيدا بول-
غانلىقىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ ئىلگىرى ئېتىراپ قىلىشقا جۈر-
ئەت قىلالمايدىغان ئېھتىياجى ۋە ئوڭۇشسىزلىقىنى ئۆزىنىڭ
چۈشىنىشىگە يول قويۇش ئارقىسىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى
ئارزۇسىنى يەنە بىر قېتىم بايقىدى، شۇنداقلا ئىلگىرى ئې-
تىراپ قىلمىغان ئىشلارغا جاۋاب قايتۇردى. بۇ قېتىمقى
داۋالاشتىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان
كۆڭلىنى چۇلغىۋالغان، مەلۇم ئالاھىدە كەسىپكە ئىنتىلىد-
غان قىزغىنلىقى ئاخىر يېڭى ھاياتقا ئېرىشىپ يەنە بىر قېتىم
جانلاندى.

قەبىھ ئىقتىدارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىشتە
بىر ئاساسىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك: ئىنكار قى-
لىنغان ۋە گويا ئاللىقاچان يالماۋۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن
تۇغما ئىقتىدارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى
«ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىلگىرى كۇتۇپ تۇرۇش» تىن
ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاساسىي ئامىلى ئاۋۋال خېلى كۆپ ۋاقىت
سەرپ قىلىپ، بۇ قەبىھ ئىقتىداردىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا
قارىمۇقارشى بولغان ئاساسىي قاتلامدىكى ئۆزلۈكنى كۆزد-
تىشتۇر. ئاساسىي قاتلامدىكى بۇ ئۆزلۈك ئادەمنىڭ گۆدەك-
لىك دەۋرىدىن تارتىپ بۇ ئىقتىدارنى ئىشقا سېلىپ شەخسنى

قوغدايدۇ، چۈنكى كىشىلەر بۇنداق ئىقتىدارنى خەۋپلىك دەپ قارايدۇ. بۇنداق قەبىھ ئىقتىدار ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرىدۇ، تاكى سېزەلەيدىغان ئۆزلۈك ياكى كونترول قىلغىلى بولىدىغان راتسىئونال ئۆزلۈك مەي- دانغا كەلگەندىلا ئۇنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. بىر ئادەم ئۆز - ئۆزىگە «مەن يالماۋۇزنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن» دېگەندە، بۇنداق ئۆز - ئۆزىنى ئالداشتىن قانداق ساقلىنىش- مۇ خېلى مۇھىم ئىش. چۈنكى بۇنداق قەبىھ ئىقتىدارغا پارا بەرگىلى ياكى ئۇنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

بىز شۇنىمۇ چۈشىنىمىزكى، ئەگەر قەبىھ ئىقتىدارنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇلارنى تەكشۈرمەسلىك دېسەك، بۇ بىر - بىرىگە زىت سۆزدەك ئاڭلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇل بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ئاساسى- نىڭ مۇستەھكەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. تەييارلىق قى- لىپ ئۆزلۈككە تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، مەلۇم ئالاھىدە ۋاقىتتا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياردەمچى ۋە سۇبيېكت ئۆزلۈك بۇ ئىنكار قىلىنغان تۇغما ئىقتىدارنىڭ بىر قىسمىنى تەكشۈ- رۈشكە كىرىشىدۇ. بىر ئاجىز بالىنىڭ ئوينايدىغان رولىغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بالىنىڭ ئۆزلۈكى ئادەتتە قەبىھ ئىق- تىدارنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن قورقىدۇ، چۈنكى بۇ ئاجىز ئۆزلۈك خارلىنىشتىن ياكى پەرەزدىكى چوڭ بالايىئاپەتنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقىدۇ.

سۇبيېكت ئۆزلۈك ياكى ئاجىز بالا ھەققىدە سۆزلىمەي تۇرايلى، ئادەمنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ بىرمۇنچە قى- سىملىرى جەمئىيەتنىڭ تەڭشىشى ئارقىسىدا بۇنداق قەبىھ ئىقتىدارنى، جۇملىدىن ئىدراكىي سادانى، تېخىمۇ شادىيانە،

تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرىدىغان سادانى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى مۇكەممەل توسۇققا ئىگە ئۆزلۈككە يۈزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بۇنداق قەبىھ ئىقتىدارنىڭ ئېڭىمىزنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا دۈچ كەلگەن ئەڭ قىيىن ۋە روھنى ئىنكار قىلىدىغان سىستېما بولۇپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

بىز بۇ قەبىھ ئىقتىدارنى تورمۇزلاشقا قانچىكى كۆپ كۈچ سەرپ قىلساق، ئۆزىمىزنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، جىسمىمىزنىڭمۇ، روھىمىزنىڭمۇ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى شۇنچە ھېس قىلىمىز. ئافرىقىدىكى بۇشمېن مىللىتىدە «ئادەمنى يايلاقتا ئۇخلا دېمە، چۈنكى يېقىن جايدا بەھەيۋەت ھايۋان ماراپ ياتىدۇ» دېگەن ماقال بار ئىكەن. مەن بۇنى لاۋرىنس بوستتىن تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ پسىخولوگىيىدىكى يوشۇرۇن ئوخشىتىشقا ۋەكىللىك قىلغانلىقىدىن ھەيران بولغانىدىم. تەن ۋە روھنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ۋە ھارغىنلىق كۆپ ھاللاردا ھايۋاناتنىڭ ئىنكار قىلىنغان، كۈچلۈك تۇغما ئىقتىدارىدىن كېلىپ چىققان رول بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭ بىمارلىرىم ئارىسىدىكى بىر ئايال بۇشمېنلارنىڭ سۆزىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ غەزىپىنى تولۇق ئىنكار قىلىۋەتكەنلىكىنى، ھەتتا ئېرى چىدىشىغا قاتتىق تەگكەندىمۇ غەزەپلەنمەستىن، ئىختىيارسىز ئۇخلىماقچى بولغانلىقىنى سەزگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ چارچىشىنىڭ ئەسلىدە تەبىئىي تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ بىر خىل سەپلىمىسى ئىكەنلىكىنى بايقىغاندا، ئۆزىدىكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان چارچاشقا يوشۇرۇنغان غەزەپنى ئىزدەشكە باشلى-

غان. ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەپ ساداسىنى سېزىشكە باشلىغاندا، ئۆزىگە نېمە كېرەك ئىكەنلىكىنىمۇ سەزگەن، ئۆزىدىكى هارغىنلىق دەرهال غايىب بولغان.

ئەگەر كۆڭلىمىزدىكى شېر هۆركىرىمەكچى بولسا، ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا پاقلانىغا ئوخشاش مەرىسە، بۇنداق ئالماشتۇرۇشنىڭ مەلۇم شەكلىدىكى جازاسىغا ئۇچرىماي قالمايمىز. بۇنداق جازانىڭ مەزمۇنى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. بەزىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ بىر خىل مەيۇسلۇك تەجرىبىسىگە، بىر خىل هاياتىي كۈچ ۋە قىزغىنلىقنىڭ يوقىلىشىغا ياكى بىر خىل ئاغىرىقنىڭ كېڭىيىشىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. باشقىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق جازا تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان، ئەقىلسىز ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كېتىشى، شەخسنىڭ تۇرمۇشى، تەقدىرى، كەسپى ياكى نىكاھىغا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن. بۇنداق جازانىڭ ئەڭ چەكتىن ئاشقان شەكلى جىسمانىي جەھەتتىكى يىمىرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن كېسەللىك ياكى ئۆلۈمگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ دۇنياۋى قاتلامدىن ئېيتقاندا، قەبىھ ئىقتىدارنى ئىنكار قىلىش دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئازاب - ئوقۇبەت ۋە قاراڭغۇلۇقنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئەمما دۇنيايىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقنى مۇھەببەت بىلەن يورۇتقىلى بولمايدۇ، بۇنداق مۇھەببەت ئۆز - ئۆزىنى سېزىش ئاساسىدا ئىپادىلەنمەيدىغان ۋە ئادەم بۇ قەبىھ ئىقتىدارلارنى سىغدۇرمايدىغانلا بولسا، ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ.

بىر ھايۋان بىرقانچە يىلغىچە قەپەسكە سولاپ قويۇلسا، ئىنتايىن ۋەھشىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بىر كۈنى قەپەس-نىڭ ئىشىكى ئېتىلمەي قالسا، ئۇ ھايۋان غالجىرلارچە ئېتىد-لىپ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىگىسى مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇنىڭ تۇغما خەۋپلىك ھايۋان ئىكەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلىدۇ. لېكىن پاكىتنىڭ ئۇنداق بولۇۋېرىشى ناتا-يىن. ئاز دېگەندە بۇنداق خەۋپنىڭ بىرقىسمى ئۇزاق مۇددەت سولاپ قويۇلغانلىقنىڭ نەتىجىسى.

بۇ ئەھۋال تۇغما ئىقتىدار ئاساسىدىكى تۇرمۇشىمىز بىلەن ئوخشاش، تۇغما ئىقتىداردىن قورققان كىشىلەر تۇغما ئىقتىدارىمىزنىڭ قەپەسكە سولىنىشىغا ياردەملىشىدۇ، ئۇنى ئاخىردا قەبىھ ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ قەبىھ ئىقتىدارلا قەرەل بويىچە زەھەرلىك ئۇسۇلدا پارتلاپ چىقىد-دۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىمىزدىكى «تەبىئىي ئىقتىدارنى باشقۇرغۇچى» بىرگە بۇنداق زەھەرخەندىلىكنىڭ كۆڭلىمىز-دىكى يىرتقۇچنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىيالايدى-غانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەگەر بۇ باشقۇرغۇچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنسەك، ھايۋىنىمىز (تۇغما خاراكتېرىمىز) نى قەپەسكە قايتىشقا مەجبۇر قىلىمىز.

قەبىھ ئىقتىدارنىڭ ئېغىز ئېچىپ ئۆزىنى ئىپادىلىشىگە يول قويۇش ئۇچۇن غايەت زور جاسارەت بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇننىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئەن-ئەنىۋى قىممەت قارىشىمىز قوبۇل قىلمايدۇ. بىز كۆڭلى-مىزنىڭ بۇ قىسمىنىڭ ئادەم قورقىدىغان بىر خىل ئىقتىدار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندا، بۇ نوپۇزلۇق ئىقتىدارنىڭ سۆزلىشىگە يول قويۇش تەلىپىگە دۇچ كېلىمىز. شۇنىڭ

بىلەن بۇ ئىقتىدارنى قوغدىغۇچى (تىز گىنىلىگۈچى) نىڭ ئۇ-
نىڭدىن ۋەھىمە قىلىشى ئورۇنلۇق بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى
بۇ ئىقتىدار بىر خىل غايەت زور بۇزغۇنچىلىق كۈچكە ئىگە.
بۇنداق قەبىھ ئىقتىدار قانچىكى كۈچلۈك ۋە ئۇزاق ئىنكار
قىلىنسا، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن بۇزغۇنچىلىق ئىقتىدارى شۇنچە
ھەيران قالارلىق بولىدۇ.

قەبىھ ئىقتىدارنىڭ «ئاۋازلىق دىئالوگ» نى ئۆز ئىچىگە
ئالغان يىغىلىشقا قاتناشقاندا، بىز بىمارنىڭ ھەقىقىي ئاۋازد-
نى ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. تۆۋەندىكى مەزمۇنلار
سىزنى ئادەم بىلەن قەبىھ ئىقتىدار ئوتتۇرىسىدىكى «ئاۋاز-
لىق دىئالوگ» غا باشلاپ كىرىشى مۇمكىن.

1. مەن سۇزانىنىڭ كۆڭلىدىكى ھەرقانداق ۋاقىتتا خالىغىنىمنى
قىلسام دەيدىغان، قىلمىغىنى قالمىغان قىسمى بىلەن سۆھبەتلەشسەم
بولامدۇ؟

2. مەن «ياخشى ئەمەس» رۇس بىلەن سۆھبەتلەشسەم بولامدۇ؟

3. مەن لاۋفورنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلسام
دەيدىغان قىسمى بىلەن سۆھبەتلەشسەم بولامدۇ؟

4. مەن رونىنانىڭ كۆڭلىدىكى جالاپ بولسام دەيدىغان قىسمى
بىلەن سۆھبەتلەشسەم بولامدۇ؟

5. مەن كۆڭلىڭىزنىڭ ھەممىگە قادىر بولسام دەيدىغان قىسمى
بىلەن سۆھبەتلەشسەم بولامدۇ؟

6. مەن كۆڭلىڭىزنىڭ سەزگۈسى قاشاڭ كىشىلەرنىڭ ھەممد-
سىنى ئۆلتۈرىمەن دەيدىغان قىسمى بىلەن سۆھبەتلەشسەم بولامدۇ؟

يۇقىرىدىكى مىساللاردا كۆرسىتىلگەن، ئىنكار قىلىند-
غان ئىقتىدار شەكىللىرى ئادەتتە بىزنىڭ تورمۇزلانغان تەبد-

ئىي ئىقتىدارىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق ئاۋاز كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن قىيىن. ياردەم بەرگۈچىلەر خېلى چوڭ جانلىقلىق ۋە سەزگۈرلۈككە ئىگە بولۇپ، شەخسنىڭ ئالاھىدە تېمىنى ئوتتۇرىغا ئەركىن - ئازادە ئاچقىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. ئاۋازنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىدىغان بۇنداق ئۇسۇل ئىنكار قىلىنىدىغان بۇ ئىقتىدارلارنى ئويغىتالىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇشى، لېكىن بۇ تېمىنى قوغدىغۇچى (تىزگىنلىگۈچى) لار تەھدىت ھېس قىلىدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

## (1) فۇنكسىيە

بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ساندورانى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يامان چۈش قىيناپ كەلگەن. تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بۇ يامان چۈشتە، ئۇنى ياۋايى ھايۋانلار، بولۇپمۇ مۈشۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋانلار قوغلىغان. ئۇ داۋالىنىشقا باشلىغان مەزگىلدىكى بىر قېتىملىق سۆھبەتلىشىش خاراكتېرلىك كوللېكتىپ دىئاگنوز قويۇشتا ئۇنىڭ يېتەكچىسى ئۇنىڭدىن مۈشۈكنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە پاراگلىنىشنى تەلەپ قىلغان.

مۈشۈكنىڭ ئاۋازى: ئۇ ھەم مېنى تونۇمايدۇ، ھەم مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

يېتەكچى: نېمە ئۈچۈن؟

مۈشۈكنىڭ ئاۋازى: قېشىدا تۇرسام بەزى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قورقىدۇ.

يېتەكچى: ئۇنداق بولسا، سېنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىدۇ

دەپ پەرەز قىلساق، سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟ قانداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟

مۇشۇكنىڭ ئاۋازى: مەن كۆڭۈل قويۇپ يۇيۇپ ـ تارىندى. مەن. ئىسسىق سۇدا، ھور چىقىپ تۇرغاندىن باشقا ئەتىر چېچىلغان ئىسسىق سۇدا توختىماستىن يۇيۇنىمەن. بىرنەرسە يېگۈم كەلسە، باشقىلارنىڭ رۇخسەت قىلىشىنى كۈتمەستىن يەۋېرىمەن. ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئاشپەزلىك قىلمايدىغانلا بولسام، ھەرگىز خەققە تاماق ئېتىپ بەرمەيمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن تاماق ئەتكەندە بۇ ئەر ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشى، شۇنىڭدەك مەن بىلەن توختىماستىن كۆڭۈل خۇشى قىلىشى كېرەك. بۇ باشقا بىر ئىش. مەن توختىماستىن كۆڭۈل خۇشى قىلىمەن، ئۇنى توختىتىشنى مەڭگۈ خالىمايمەن. مەن يەنە بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرىگە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مايلىرىنى سۈرتىمەن.

ساندورا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئالغان تەربىيە ئۇنىڭغا سالاپەتلىك ساھىبجامال بولۇشنى ئۆگەتكەن. ئۇ نىكاھ تۇرمۇشىدا ياخشى ئانا ۋە خۇشال قىز دەپ قارالغان. ئۇنىڭ فۇنكسىيە جەھەتتىكى ئاخولدىت (مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھەسى، رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھە ۋېناسقا تەڭ كېلىدۇ) قا ئوخشاش تەبىئىتى ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئىگىدىن چىقىرىپ تاشلانغان. ئۇنىڭ شەخسىيەتچى، فۇنكسىيىلىك بولۇشىغا ياكى ئۆز مەيلىگە بېرىلىشىگە يول قويۇلمىغان. ساندورانىڭ بەختىگە يارىشا، ئۇنىڭ ئاڭسىزلىقى بۇنداق ھادىسە كەلتۈرگەن بېسىمنى قوغدىغان، شۇڭا ئۇنىڭ مۇشۇك ئائىدىلىسىگە خاس تەبىئىتى چۈشىگە قايتا ـ قايتا كىرگەن ۋە ئۇنى گويا تاجاۋۇزچى يالماۋۇزغا ئوخشاش قوغلىغان. ئۇ قېتىم سۆھبەت شەكلىدە كوللېكتىپ دىئاگنوز قويۇلۇپ بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كېچىدە ئۇ تۆۋەندىكى

چۈشنى كۆرگەن:

مەن يەنە كوچىنى ئايلاندىم؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى تونۇش-تەك سېزىلەتتى. مەن شۇ خىل ۋەھىمىلىك ئىنكاسنى ۋە كەينىمگە بىرى كىرىۋالغاندەك سېزىمنى يەنە بىر قېتىم بايقىدىم. مەن ئۇ مۇشۇكنىڭ نەدىلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا بەدەر قاچتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن توختىدىم. مەن يۇگۇرۇش-تىن قورقاتتىم. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قوغلىغۇچىغا قارىدىم. ئۇ بىر شىر ئىدى. ئۇ ئالدىمغا چىپىپ كېلىپ توختاپ، مەگزىمنى يالاشقا باشلىدى. مەن نېمىشقا بۇرۇندىن تارتىپ شۇنچە قورققاندىمەن...؟

ساندورا پۇتۇن تۇرمۇشىدا بۇرۇنلا ياخشى قىزنىڭ خۇ-شال – خۇرام روھىي ھالىتىگە ئىگە دەپ قارىلىپ كەلگەن، شۇڭا ئۇنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقى ئەجەب-لىنەرلىك ئەمەس. ئۇزاق مۇددەت رەت قىلىنغاندىن كې-يىن، ھازىر ئۇلارنىڭ ئوغىسى تېخىمۇ قايىنىغان؛ ئۇ ئۇلارغا جىددىي قاراشنى رەت قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە نوپۇزى تېخىمۇ ئاشقان. بۇنداق ئەھۋال ئۇنى تېخىمۇ قىينىغان، شۇنداقلا ئۇلارغا جىددىي قاراشتىن تېخىمۇ قورقىدىغان قى-لىپ قويغان، ئۇ ئاخىردا ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان.

بۇ پۈتكۈل جەرياندا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇ-كى، بىز ئىنكار قىلىنغان مەلۇم خاراكتېرىمىزگە يۈزلە-نىشكە جۈرئەت قىلغاندا، ئۇلاردا بۇرۇلۇش بولىدۇ. ئۇ غەزەپلەنگەن شىر يۈزىمىزنى يالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ-نىڭ كىشىلىك خاراكتېرىمىزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ھاجەت ئەمەس؛ ئۇ پەقەت ئېتىراپ قىلىنىشنى، ئۆز ئاۋازىنىڭ

كىشىلەرگە ئاڭلىنىشىنى، شۇنداقلا سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنىشىنىلا ئۈمىد قىلىدۇ.

## (2) قەبىھ ئاۋاز

جون ئون ئىككى يىل ئادۋوكاتلىق قىلغاندىن كېيىن، كەسپىنى ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ئويلانغان. كىشىنى خېلىلا زېرىكتۈرىدىغان نىكاھ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى چوڭقۇر خىيال سۈرۈشكە بەك بېرىلىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇغۇللىنىۋاتقان ئادۋوكاتلىق خىزمىتىدىن ۋاز كېچىشىم كېرەك دەپ ھېس قىلغان. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆزلۈك ۋە چوڭقۇر خىيال قىلىش پائالىيىتىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى ئۇنىڭغا دىلىدىكى ئىلگىرىلەشنى كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئېيتقان. ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر خىيال قىلىش پائالىيىتى ئۇنىڭ چوڭقۇر ھېس قىلغان بىرنەچچە ھېسسىياتىنى ھەقىقەتەن قوزغىغان، لېكىن ئۇ بۇنداق ئۆزۈل - كېسىل بۇرۇلۇشتىنمۇ ئەندىشە قىلغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرقانچە دوستى ئۇنى بىر يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىدىغان بولۇپ كەتتى دەپ ھېس قىلغان، شۇڭا ئۇ تورمۇشتا تېخىمۇ مۇۋاپىق تەڭپۇڭلۇق تۇقتىسىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن داۋالاش يارىدىمى ئېلىشنى قارار قىلغان.

تۇنجى قېتىم كوللېكتىپ دىئاگنوز قويۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن، جوننى داۋالىغۇچى دوختۇر جوندىن دىل ئاۋازى بىلەن مۇڭدىشىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئاۋاز جوننىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر خىيال سۈرۈش جەريانىنى، ئۇنىڭدا بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئويلىنىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى بەك

ئۆزۈن بايان قىلغان. بۇ ئاۋاز خېلى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ۋە قولللاش خاراكتېرىدە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جوننىڭ تۇرمۇشىغا ئىنىق يۈنىلىش كۆرسىتىپ بەرگەن. داۋالىغۇچى دوختۇر جوندىن مۇڭدىشىشقا بولىدىغان يەنە باشقا ئاۋاز — جوننىڭ كۆڭلىدىكى ئۆزلۈكىنىڭ تامامەن ئەكسى بولغان ئاۋازنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىغان. نەتىجىدە نوپۇزلۇق ئاۋاز، جون قەبىھ دەپ قارىغان ئاۋاز ئوتتۇرىغا چىققان. تۆۋەندە جوننى داۋالىغۇچى دوختۇر بىلەن بۇ قەبىھ ئاۋاز ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى بەردۇق:

پسىخىكىلىق داۋالىغۇچى دوختۇر: سىزنىڭ جوننىڭ ئادۆوكاتلىق كەسپىدىن ۋاز كېچىش توغرىسىدىكى قارارىغا قانداق پىكرىڭىز بار؟

قەبىھ ئاۋاز: مەن بۇ قارارغا ئۆچ، شۇنداقلا ئۇنى قوبۇل قىلمايمەن. بۇ ھارامزادە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا ئەزەلدىن مېنى رەت قىلىپ كەلدى. ئۇ كۆڭلىدە ئىزدىنىش سەپىرىنى باشلىغاندىن كېيىن، مەن يەر ئاستىغا يەنە ئىككى مىڭ چى چۆشۈپ كەتتىم.

پسىخىكىلىق داۋالىغۇچى دوختۇر: سىز جوننىڭ كۆڭۈل قاتلاملىرىدىن شۇنچە غەزەپلىنەمسىز؟ ئۇ بەزى ياخشى قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جون ئۇنىڭدىن ھەقىقەتەن بىر-مۇنچە مەنپەئەت ئاپتۇغۇ!

قەبىھ ئاۋاز: ماڭا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن خاپا بولدۇم. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن پەقەت ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئىشىغىلا ئارىلاشمايمەن. ئۇنىڭ نىكاھى مەن چەتتە قاراپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭ ساختا چۆمبەردىسىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقىدىن بەك خۇشال. ئۇ جازاسىنى يېدى. ئۇ ھامان ئەۋلىيا، پەرىشتىگە ئوخشايتتى، خوتۇنى بولسا جالاپقا ئوخشايتتى. بۇمۇ مېنىڭ كۆمۈلۈپ قالغانلىقىمدىن بولغان. سىزگە

ئېيتاي، ئۇنىڭ قېنى شېكەردىن ياسالغان.

پسىخىكىلىق داۋالىغۇچى دوختۇر: سىز جوندىن بۇرۇندىن تارتىپ مۇشۇنداق خاپا بولۇپ كەلگەنمىدىڭىز؟

قەبىھ ئاۋاز: قاراڭ! ئىش ناھايىتى ئېنىق. مېنىڭ خاپىلىقىم ئۇنىڭ سەل قارىغانلىقىدىن بولغان. ئۇ دېگەن ياخشىچاق ئادەم. ئۇ ئۆزىنى خرىستوس ئيسا قىلىپ كۆرسىتىمەن دەيدىغانلا بولسا، چوقۇم بارلىق چارە - ئامال بىلەن ئۇنى مەغلۇپ قىلىمەن. مېنىڭ پۈتۈن تەلىپىم پەقەت ئېتىراپ قىلىنىشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

پسىخىكىلىق داۋالىغۇچى دوختۇر: ئەگەر جون سىزنى ئېتىراپ قىلسا بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ مەن ئەمەلىيەتتە نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ دېمەكچىمەن. سىزنىڭ ئېتىراپ قىلىش دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟

قەبىھ ئاۋاز: ئۇ ھازىر يەنىلا مېنى مەۋجۇت ئەمەس، يەنى مېنى «ئەمەلىيەت ئەمەس» دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇ مېنى بۇنداق روھىي پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىلگىرىلا چەتكە قاققانىدى. ئەمدىلىكتە مېنى «ئۆزگەرتىۋەتكىلى بولىدۇ» دەپ قاراۋاتىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى ئىپادىلىگەندە بەزىلەر سىزنى تېخىمۇ ياخشى ياكى تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك نەرسە قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇنسا، سىز قانداق ھېسسىياتتا كېلىسىز؟ بۇ بىر خىل ھاقارەت!

پسىخىكىلىق داۋالىغۇچى دوختۇر: مەن بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى يەنىلا ئانچە مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيۋاتىمەن.

قەبىھ ئاۋاز: مەن ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان ئىنتائەتچانلىقىنى ياقتۇرمايمەن. ئۇنىڭ خوتۇنى باللارغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. ئۇ بولسا ھەممىدە رايىش بولىدىغانلا بولسام، بارلىق ئىش جايىدا بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە، ئىش ياخشىلانمايلا قالماستىن، ئەكسىچە، تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتكەن. ئۇ مۇلۇك توغرىسىدىكى ئاخىرقى كېلىشىمگە ئىمزا قويماقچى بولغاندا مەندىن پىكىر ئېلىشنى تەكلىپ قىلغانىدىم. بۇ ياخشىچاق خوتۇنىغا ئېلىشقا تېگىشلىك مۇلۇكتىن ئون ھەسسە ئارتۇق مۇلۇكنى بېرىۋەت-

تى. ئۇنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى بىرنەچچە خىزمەتدىشىمۇ ماڭا يارىمايدۇ. مەن ئۇنىڭ مەندىن پىكىر ئېلىشىنى، ماڭا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇنىنىڭ قەبىھ ئاۋازى قەپەسكە سولاپ قويۇلغان ھايۋانغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭدىن ئۈمۈرۋايەت رەت قىلىنىپ بېسىلىپ قالغان نوپۇز ۋە ھاياتىي كۈچ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نىكاھىنىڭ ئاپەت ئىچىدە ئاياغلىشىشىدىكى بىر قىسىم سەۋەب، ئۇ خوتۇنىنى ئۆزىنىڭ قەبىھ خاراكتېرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى ئىكەن. چۈنكى جون ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ غەزىپى، ئىنكارچىلىقى ۋە شەخسىيەتچىلىكىنى ئىپادىلىيەلمىگەن، شۇڭا بۇ قاراشلارنى خوتۇنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، خوتۇنى بارغانسېرى بۇ قاراش شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىدىغان بولغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ تېخىمۇ مۇلايىم، تېخىمۇ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بەك ئېتىراپ قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېزلىكتە باشقىلارغا ئۇنىڭ خوتۇنىنى يالماۋۇز، ئۇنى بولسا ياخشىچاق ئادەم قىلىپ كۆرسەتكەن. بىزنىڭ ھەمراھىمىز ياكى جورىمىزمۇ دائىم شۇنداق ئۇسۇلدا بىز ئىنكار قىلغان ئۆزلۈكىمىزنىڭ رولىنى ئوينامدۇ؟

جون روھىي جەھەتتىكى بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئىلكىگە ئاسانلا چۈشۈپ قالغان. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئىنتايىن مېھرىبان، ئىجابىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى. بەختكە قارشى، ئۇنىڭ سېزىمى ياكى كۆڭۈل ئىقتىدارى ئىسپاتلانغان. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بۇ كۆڭۈل ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى «ياخشىچاق» لىق ئەندىزىسى بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلغان، بۇ «ياخشىچاق»

لىق ئەندىزىسى نوپۇز، غەزەپ، ئىنكارچىلىق ۋە شەخسىيەتـ
چىلىكنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى ئالدىنئالا رەت قىلغان. شۇڭا
بۇ ئاۋازنىڭ شۇنچە غەزەپلەنگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

غايەت زور جاسارەت بولغاندىلا ئىنكار قىلىنغان قەبىھ
خاراكتېرىمىزگە تاقابىل تۇرالايمىز، چۈنكى ئادەمنىڭ بۇزـ
داق ئىقتىدارى خۇددى ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان
ئادەم دائىم جەمئىيەتتىن ئايرىۋېتىلگەنگە ئوخشاش، بىرقانچە
يىلغىچە يېگانە قالدۇرۇلغان. بىز بەزىلەرنىڭ مۇشۇنداق
خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە ئۇلاردىن ئىمكاندـ
يەتنىڭ بارىچە ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز. بىز ئۇچۇن ئېيتقاندـ
دا، ئۇلار ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك. بىز چىداپ تۇرالمايدىـ
غان كىشىلەردە ئۆزىمىزنىڭ ئىنكار قىلغان قىسمىنىڭ
ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرگەندە، كېيىنكى قەدەمنى قانداق
بېسىش ئاساندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن
قىيىن ئىش بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

# قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈش

## نومۇسسىز ئىچكى ئاۋازنى بېسىش

ئىزا ـ ئاھانەت تارتقان ئادەم ئىرىشقاندىلا مۇكەممەل ئۆزلۈكنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئۆزلۈكنى قوبۇل قىلىش خىز-مىتىنىڭ بىرى خورلۇق تارتقان ھېسسىياتىمىز، ئېھتىياجى-مىز ۋە ئارزۇيىمىزنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. خورلۇق تارتقان كۆپ ساندىكى كىشىلەر ياردەمگە موھتاج بولغان، غەزەپلەنگەن، قايغۇرغان، ۋەھىمىگە چۈشكەن، خۇشال بول-غاندا ياكى ئۇلار جىنس بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندا ۋە ياكى ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەندە، ئۇلار ئىزا ـ ئاھانەتكە قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. لېكىن بىزدىكى بۇ ئاساسى ئامىللار بۆلۈنۈپ كەتكەن بولىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنى ھېچنېمىگە ھاجىتىمىز چۈشمىگەندەك قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىمىز. كۆڭلىمىزدە ھېس قىل-ساقمۇ سەزمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالىمىز. مەن ھەر قېتىم دېگۈدەك قايغۇرغان ياكى ئازار يېگەندە ھەممە ئىش جايىدا بولغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىمەن. بىز يا جىنسىي تەلىپى-مىزنى يوقىتىپ، پۇرىتانلارغا ئوخشاش نەپسىمىزنى يىغى-

مىز، يا شەھۋەتپەرەسلىك قىلىپ باشقا ھېسسىياتىمىز، ياكى ئېھتىياجىمىزدىن قاچىمىز. ھەممە ئەھۋالدا ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولغان ئەڭ مۇھىم قىسمىمىز توسۇپ قويۇلىدۇ. بىزنىڭ ئىنكار قىلىنغان بۇ خاراكتېرلىرىمىز چۈشىمىزدە ياكى پروييېكسىيىمىزدە ھەممىدىن بەك كۆپ كۆرۈنىدۇ. بولۇپمۇ جىنسىي تەلپىمىز ۋە تۇغما تەبىئىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدۇ.

ئانالىتىك پسىخولوگىيىنىڭ ئۇستازى جۇنگې بىزنىڭ ئىنكار قىلىنغان بۇ قاتلاملىرىمىزنى بىزدىكى قاراڭغۇلۇق دەپ ئاتايدۇ. بىز ئەگەر ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى تونۇمىسەك، بىر پۈتۈن گەۋدە بولالمايمىز.

## كۆكۈل ئاۋازى

پاسسىپ ئۆزلۈكنىڭ سۆھبىتى بىر خىل كۆكۈلنىڭ دىئالوگى، شۇنداقلا روب فانستون ئېيتقان «كۆكۈل ئاۋازى». بۇنداق كۆكۈل ئاۋازىنى باشقا ئانالىتىك پسىخولوگلار ئاللىقاچان ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا تەسۋىرلىگەن. ئېرىك بورن ئۇنى قۇتىلىق ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئوخشاش، ئاتا ـ ئانىنىڭ بىر يۇرۇش ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنغان ئاۋازىغا ئوخشاتقان. بەزى ئالىملار نورمال ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى بۇ ئۇنئالغۇ لېنتىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ سائەت كېلىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. فرىز بور ۋە تاكامۇللاشقان پسىخولوگىيە ئېقىمى بۇنداق ئاۋازنى «ئاتا ـ ئانىنىڭ قوبۇل قىلىنغان ئاۋازى» دەپ ئاتىغان. ئارون بېك ئۇلارنى «ئاپتوماتىك ئىدىيە» دەپ ئاتىغان. نېمىدەپ ئاتاشتىن قەتئىينەـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زەر، ھەممىمىزنىڭ مېڭىسىدە بەزى ئاۋازلار مەۋجۇت. ئىزا - ئاھانەت تۇيغۇسىدا بولغان، بولۇپمۇ پاسسىپ ئىزا - ئاھانەت تۇيغۇسىدا بولغان كىشىلەردە ئۆزلۈكنى چۆكۈرىدىغان ئاۋاز بولىدۇ.

بۇنداق ئاۋاز ئىزا - ئاھانەت تۇيغۇسىدا بولغان كىشىلەرگە ئاساسىي جەھەتتىن «سىلەر ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىسىلەر، قىممىتىڭلار يوق ۋە كالانپاي» دەپ ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداق ئاۋاز يامان بالىنىڭ دىل ئوبرازىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلى دەپمۇ چۈشىنىلىشى مۇمكىن. ئۇ كۆپ ۋاقىتتا يېرىم ئاڭلىق ياكى پۈتۈنلەي ئاڭسىز ھالەتتە تۇرىدۇ. بىز كۆپچىلىكىمىز بۇنداق ئاۋازنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك پائالىيىتىنى سېزەلمەيمىز. پەقەت ئاشكارىلانغان، بولۇپمۇ بېسىم بولغان بەزى ئەھۋالدا ئىزا - ئاھانەت تۇيغۇمىز ھەرىكەت قىلغاندىلا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سېزىمىز. ئادەم بەزى سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزگەندە ئۆزىنى «ئەخمەق، دۆت» ئاتىشى ياكى «يەنە خاتا قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن قوپال، كالۋا ئىكەنمەن!» دېيىشى مۇمكىن. مۇھىم خىزمەت توغرىسىدا سۆزلىشىشكە بېرىشتىن ئىلگىرى، بۇ ئاۋاز سىزنى «سىزنى نېمە نەرسە بۇ خىزمەتنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستۈمگە ئالالايمەن دېگۈزۈۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئاسانلا جىددىيلىشىپ كېتىسىز. سىزنىڭ قانچىلىك جىددىيلەشكەنلىكىڭىزنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ» دېگەن ئوي بىلەن ئازابلىشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاۋازلارنى يوقىتىۋېتىش ئىنتايىن قىيىن، بۇ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ۋە ھاسىل قىلغان ئاقىۋەت خاراكتېرلىك خام خىيال ئاسارد-

تىنىڭ ئۆز ۋۇندىن بۇيان بۇزۇلۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىنچىلىققا باغلىق. باللار خارلانغان ياكى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەندە، ئۆز مەيلىگە قانچىكى قويۇۋېتىلسە (سەل قارالسا، خارلانسا، ئاۋارە قىلىنسا)، ئۇلار ئاتا - ئانىسىغا شۇنچە خاتا قاراشتا بولىدۇ. روب سىردون بۇنداق خاتا قاراشنى «خىيالىي ئاسارەت» دەپ ئاتىغان.

بىر بالا خىيالىي ئاسارەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنى غايىۋىلەشتۈرۈشى ۋە ئۆزىنى «يامان» قىلىۋېتىشى كېرەك. بۇنداق خىيالىي ئاسارەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ھاياتى كەچۈرۈشتىن ئىبارەت. باللار ئاتا - ئانىسىغا بەك تايىنىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ ئەسكى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇلار ئەسكى بولۇپ كەتسە ياكى ئاغرىپ قالسا، باللار ئىگە - چاقىسىز قالىدۇ. شۇڭا بۇنداق خىيالىي ئاسارەت (يەنى ئاتا - ئانىلارنىڭ توغرا، باللارنىڭ خاتا دېگەن ئوي) قۇملۇقتىكى سەراپقا ئوخشايدۇ. ئۇ باللارنى، شۇنىڭدىن تۇرمۇشتا كېرەكلىك يېمەكلىك ۋە قوللاشقا ئىگە بولىمىز، دەيدىغان خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بۇنداق خىيالىي ئاسارەت ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە مۇقىملىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھەر خىل ئاۋازلار ئارقىلىق ساقلىنىپ قالىدۇ. تاشقى ئاۋازلار، يەنى ئاتا - ئانىنىڭ ۋارقىرىشى، تىللىشى ۋە جازالىشى قاتارلىق ئاۋازلار ئەمدى پۈتۈنلەي ئىچكى ئاۋازغا ئايلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئادەم بۇنداق ئاۋازغا قارشىلىق كۆرسەتكەندە ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغاندا قاتتىق پەرىشان بولىدۇ. ئەمما خۇددى روب سىردون ئېيتقاندەك: «بۇنداق پەرىشانلىق ھەمراھ بولمىسا، داۋالاشتا چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرمەيدۇ. »

بۇنداق ئاۋازنىڭ تولىسى ئاساسىي باشقۇرغۇچى (ئۆز-لۈك) نىڭ قاتتىق ئىزا - ئاھانەت ھېسسىياتى، بېكىنىۋالغان مۇداپىئە روھىي ھالىتىدىن تەركىب تاپىدۇ. قاتتىق ئىزا - ئاھانەت تارتقان ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى، ئار-زۇسى، ھېسسىياتى، زەئىپلىكى ۋە تايىنىش ئېھتىياجىنى قوبۇل قىلالمىغاندەك، بالىلىرىنىڭ ئېھتىياجى، ھېسسىيا-تى، ئاجىزلىقى، زەئىپلىكى ۋە تايىنىۋېلىشىنىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. روب سىردون بونداق ئاۋاز مۇنداق ئەھۋالنىڭ نەتىجىسى، يەنى «باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇداپىئە روھىي ھالىتىگە كاشىلا قىلغاندا، ئاتا - ئانىلار ئۆلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىستىخىيىلىكىنى پاچاقلاپ تاشلىماقچى بولغان، ئەمما بۇنداق ئارزۇ قاتتىق تورمۇزلانغان ئەھۋالدا كېلىپ چىققان نەتىجە» دەپ كۆرسىتىدۇ.

روب سىردون بۇنداق ئاۋازنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ھالاك قىلغۇچى خاراكتېرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باش-لامچى خاراكتېرلىك تەتقىقات خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۇ بۇنداق دۈشمەنلىك قارىشىنى بىمارلارنىڭ سېزىش دائىرىسىد-گە ئەكىرىدىغان بىر نەچچە خىل نوپۇزلۇق ئۇسۇلنى راۋاجلان-دۇرغان. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پاسسىپ ئىدىيىۋى فورمۇلا بىلەن بايان قىلىش ياكى تىل - يېزىق بىلەن ئىپادى-لەش ئارقىلىق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن كۈچ بۇنداق ئاۋاز-نىڭ بىمارلارغا كۆرسىتىدىغان ھالاك قىلغۇچى تەسىرىنى يېنىكلىتىدۇ. »

بۇنداق ئىچكى ئاۋازنى داۋالاشتا بىمارلارغا ئادەتتە ئۆزد-نىڭ ئىچكى تەنقىدىي ئويىنى قانداق قىلىپ سىرتقا چىقىرىش

ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش ئۆگىتىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۇجۇم خاراكتېرىنى ئاشكارىلايدۇ ھەمدە باشقا ئۇسۇللارنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى پاسسىپ پوزىتسىيىسىنى بىر خىل ئوبيېكتىپ، خالىس كۆزقاراشقا ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق ئاۋازنى تىل - يېزىقتا ئىپادىلەش ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىش نەتىجىسىدە ئادەمنىڭ جىددىيلىك كەيپىياتى بوشىشىپلا قالماي، بەلكى ئېنىق كۆزىتىش كۈچىگە ئىگە كۈچلۈك ھېسسىياتنىڭ تاۋلاش رولى بارلىققا كېلىدۇ.

## زىيادە ئىنكاسنى كۈندىلىك خاتىرە قىلىپ يېزىپ قويۇش

ئىچكى ئاۋازنى داۋالاشتا، مەن تەكلىپ قىلىنىدىغان بىرىنچى ئۇسۇل روب سىردوننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەتقىقاتىدا بۇنداق كۆڭۈلگە يىغىلىپ قالغان، كۈچلۈك ئاۋاز جەريانى ئۇستىدە ئېلىپ بارغان پارتلىتىش سىنىقىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئۇسۇل ئۆزىڭىزنىڭ مۇداپىئە خاراكتېرلىك زىيادە ئىنكاسىڭىزنى كۈندىلىك خاتىرە قىلىپ يېزىپ قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر سىز قايتما ئىنكاستىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان گۇرۇھقا قاتناشسىڭىز، بۇ ئۇسۇل ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئۇسۇلنى كۈندىلىك كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى تورمۇش مۇھىتىدىمۇ ئاسانلا قوللىنىشقا بولىدۇ.

ھەر كۈنى ئاخشامدا دەم ئېلىشتىن ئىلگىرى، شۇ كۈنى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەڭ: سىز قايسى تەرەپتىن

ئېچىندىڭىز؟ قايسى تەرەپكە زىيادە ئىنكاس قايتۇردىڭىز؟ ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى نېمە؟ ئۇنىڭغا كىملەر قاتناشتى؟ كىشلەر سىزگە نېمە دېدى؟ باشقىلارنىڭ دېگەن سۆزى بىلەن سىزنىڭ دېگەن سۆزىڭىز ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار؟

مەسىلەن، 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خوتۇنۇم ئۆيىمىزنى قايتا رېمونت قىلىش ھەققىدە مەن بىلەن مەسلىھەتلەشتى. مەلۇم بىر تۇر ھەققىدە سۆزلەشكەندە مېنىڭ تەلەپپۇزۇم تېزلىشىپ ۋە كۈچىيىپ كەتتى. مەن تېزلىكتە ھازىرقى خىزمىتىمدىن كېلىپ چىققان بېسىم ھەققىدە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدىم. مەن: «مەندىن بۇ ئىشنى نازارەت قىلىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتمەڭ. خىزمىتىمدىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقتا تاس قېلىۋاتىمەن» دەپ شاۋقۇن كۆتۈردۈم. بىر دەمدىن كېيىن پارتىلىغان بۇ غەزىپىمنى خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم. خاتىرىنى مۇنداق شەكىلدە يازدىم:

ۋاقتى: چارشەنبە، 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، كەچ سائەت 8 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە

مەزمۇنى: ئۆيىمىزنى قانداق قىلىپ ياخشىلاشنى مۇھاكىمە قىلىش.

ئېشىپ كەتكەن ئىنكاس: ئۇ «مەن بەزى ياردىمىڭىزگە موھتاج» دېگەندە، مەن بارغانسېرى كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن: «مەندىن بۇ ئىشنى نازارەت قىلىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتمەڭ ...» دەپ جاۋاب بەردىم.

بۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ئاۋاز: «سىز دېگەن يارىماس ئەر. سىز ھېچقانداق نەرسىنى قانداق رېمونت قىلىشنى بىلمەيسىز. سىز بىچارە. ئۆيىڭىز ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى.

سىز قۇرۇق تېرە تاراقشىتىدىغان ئادەم. ھەقىقىي ئەر نەرسە رېمونت قىلىشنى ۋە ئۆي سېلىشنى بىلىشى كېرەك. ياخشى دادا ئۆيىگە ئوبدان قارايدۇ.»

ۋاقىتنى بۇنداق ئاۋازغا سەرپ قىلىش ناھايىتى ئازابلىق ئىش. مەن سىزگە تۆت ئەتراپ جىمجىت ۋاقىتتا ئامال قىلىپ ئۆزىڭىزنى بوش قويۇۋېتىشنى تەكلىپ قىلىمەن. ئۆزىڭىزگە دېگەن گېپىڭىزنى ھەقىقىي ئاڭلاڭ. بۇ سۆزلەرنى يېزىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنلۇك ئوقۇڭ ھەمدە بۇ ئاۋازلارنى تەبىئىي ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەڭ. سىز ئۇلارنى ئۇنلۇك ئوقۇشقا باشلىغاندا ئۇلارنىڭ تۆكۈلگەندەك تېشىپ چىققانلىقىدىن بەك ھەيران بولۇشىڭىز مۇمكىن.

فرىستون ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىدا بىمارلارنى ئۆز كۆڭلىنى ھېسسىياتلىق تەلەپپۇز بىلەن ئۇنلۇك ئىپادىلەشكە رىغبەتلەندۇرگەن. ئۇ بىمارلارغا «چىڭراق سۆزلەڭ» دېگەن ياكى «خاتىرجەم سۆزلەۋېرىڭ. مەنمۇ بۇ يەردە سىزنى شۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشقا ئىلھاملاندۇرىمەن. ئۇنى ئىككىنچى شەخس ئۇسۇلىدا ئىپادىلەڭ! ئۆزىڭىزنى ئاۋاز قوزغىغان بۇ ھېسسىيات كۈچىنىڭ قوينىغا ئېتىڭ!» دېگەن.

## ئىچكى ئاۋازغا جاۋاب بېرىش

سىز ئىچكى ئاۋازىڭىزنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە كىرىشسىڭىز بولىدۇ. سىز بۇ چاغدىمۇ ئىچكى ئاۋازنىڭ مەزمۇنى ۋە بۇيرۇقىدىن كەلگەن خىرىسقا دۇچ كېلىسىز. مەن خاتىرەمدە مۇنداق جاۋاب بەردىم. مەن ياخ-

شى ئەر، چىرايلىق ئۆيىنىمۇ تەييارلاپ بەردىم. مېنىڭ ئەر-لىك خىسلىتىم قانداق ئىشنى قىلىشىمغا باغلىق ئەمەس. مەن خىزمەتنى ئىنتايىن تىرىشىپ ئىشلەۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرىگە پۇل بېرىپ ئۆيىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا قۇربىم يېتىدۇ. ئۆزۈم رېمونت قىلىشنى بىلسەممۇ، ئادەم ياللاپ رېمونت قىلدۇرىمەن. چۈنكى ۋاقتىمنى تېخىمۇ مۇ-ھىم ئىشقا ئىشلىتىشىم كېرەك. بىرمۇنچە ياخشى ئەرلەر ماھىر ياغاچچى ۋە بىناكار، لېكىن يەنە بىرمۇنچە ياخشى ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرى يوق.

مەن ئەتىسى بۇ دىئالوگنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم. مەن ئۇنىڭغا ھامان ھېسسىيات بىلەن، شۇنداقلا نېمە ئىش بولسا شۇ ئىش ئۇستىدىلا توختىلىدىغان مەنتىقىي نەزەر بىلەن جاۋاب بەردىم. فرىستون كىشىلەرگە ھەرىكەت قىلغاندا ئىچكى ئاۋازنى ئاڭلىق ھالدا ئارىلاشتۇرماسلىقنى ياكى بۇنداق ئاۋازغا توغرىدىن - توغرا قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەكلىپ قىلغان. مېنىڭ مىسالىمدىن ئېيتقاندا، مەن تونۇش بىر ياغاچچىنى تېپىپ، ماڭا نېمە كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيت-تىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزى يالغۇز ئىشلەشنى تەكلىپ قىلدىم. مەن قانغۇچە گولف توپى ئوينىدىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقىلارغا پۇل بېرىپ ئۆيۈمنى رېمونت قىلدۇ-رۇشقا قادىر ئىكەنلىكىمدىن خۇش بولۇپ يايراپ كەتتىم.

## ئىچكى تەنقىدچىنى قوغلاش

ئادەمنىڭ ئىزا - ئاھانەتلىك ئاۋازىنى ئىپادىلەشنىڭ ئىككىنچى ئۇسۇلى ئاساسەن تاكامۇللاشتۇرۇپ داۋالاش ئۇ-

سۇلىدىن كەلگەن (تاكامۇللاشتۇرۇپ داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بىمارلارنىڭ پسىخىكا جەھەتتىكى پۈتۈنلۇ-كى ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىش)، مەن ئۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئىچكى تەنقىدچىنى قوغلاش دەپ ئاتىدىم. ئىزا - ئاھانەت تۇيغۇسى ئىنتايىن ئېغىر بولغان كىشىلەر كۆڭلىدە ھەر ۋاقىت ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىدىغان ئىچكى سۆھبەتنى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئو-يۇن ئىلگىرىدىن تارتىپ «ئۆز - ئۆزىنى سوراق قىلىش» ئويۇنى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇ ئادەتتىكى ئىش بولغاچقا ئاڭسىز بولىدۇ. تۆۋەندىكى مەشىق ئۇنى تېخىمۇ ئاڭلىق قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆز - ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلىش غايىڭىزگە يېتىشىڭىزگە قورال يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ مەشىق ئۇسۇلىنىڭ ماتېرىيالىرى جون ستىۋىن-نىڭ «سېزىش» (Dwareness) دېگەن كاتتا ئەسىرىدىن ئې-لىندى.

بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭ ۋە ئىككى كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ… ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىمەن، كۆزۈم ئۆزۈمگە تىكىلىۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلىڭ. خۇددى ئەينەكتىن ئۆزد-ڭىزنى كۆرگەندەك، ئۆزىڭىزنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدىكى مەلۇم ئوبرازىڭىزنى يارىتىڭ ۋە ئۇنى ئالدىڭىزدا ئولتۇرغۇ-زۇڭ. بۇ ئوبرازنىڭ ئولتۇرۇشى قانداق؟ ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ئوبرازى نېمە كىيىم كىيىپتۇ؟ بۇ ئوبرازنىڭ سىز كۆرگەن چىرايى قانداق؟

ئەمدى خۇددى باشقا بىرى بىلەن پاراڭ سالغاندەك، ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ئوبرازىنى جىمجىت تەنقىد قىلىڭ. (ئەگەر

بۇ تەجرىبىنى ئۆزىڭىز يالغۇز قىلغان بولسىڭىز، ئۈنلۈك سۆزلەڭ!) ئۆزىڭىزگە قىلىشقا تېگىشلىك ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلىرىڭىزنى ئېيتىڭ. ھەربىر جۈملىگە «سىز... كېرەك ئىدى»، «سىز... كېرەك ئەمەس ئىدى» دېگەن سۆزنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى قوشۇڭ. بۇ تەنقىدلىرىڭىزنى بىر جەدۋەلگە كىرگۈزۈڭ! سىز بۇنداق قىلغاندا، ئۆزىڭىزنىڭ ئاۋازىغا كۆڭۈل قويۇپ قۇلاق سېلىڭ!

ئەمدى بۇ ئوبراز بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردۇم دەپ پەرەز قىلىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى تەنقىدكە ئۆزىڭىزنىڭ ئوبرازى، سالاھىيىتى بىلەن ئۇن ـ تىنىسىز جاۋاب بېرىڭ. بۇ تەنقىدلەرگە قانداق جاۋاب بېرىسىز؟ ئۇنى قانداق تەلەپپۇزدا ئىپادىلەيسىز؟ بۇ تەنقىدلەرگە جاۋاب بەرگەندە كۆڭلىڭىزدە قانداق ھېسسىياتقا كەلدىڭىز؟

ئەمدى رولنى يەنە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ تەنقىدچىگە ئايلىنىڭ. بۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرغاندا نېمە سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭىز ۋە ئۇنى قانداق ئىپادىلىگەنلىكىڭىزگە، سۆز ـ ئىبارىلىرىڭىز ۋە تەلەپپۇزىڭىز قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىڭ. سۆھبەتلەشكەندە ئارىلاپ بىرئاز توختاپ، سۆز ـ ئىبارىلىرىڭىزنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىڭ ۋە ئۇلارنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇڭ.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوبرازى بىلەن ھەر ۋاقىت ئورۇن ئالماشتۇرسىڭىز بولىدۇ، لېكىن ئۆزئارا قىلىۋاتقان سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويماڭ. بۇ تەجرىبىنى قىلغاندا كۆڭلىڭىزدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنىڭ ھەربىر تەپسىلاتىغا دىققەت قىلىڭ. ئۆزىڭىز ھەربىر رولنى ئوينىغاندا بەدىنىڭىزدە كېلىپ

چىققان تۇيغۇغىمۇ دىققەت قىلىڭ. سىز تەنقىدىڭىز ۋە كۆرسەتمىڭىزگە «سىز... كېرەك ئەمەس ئىدى» دېگەن ئاۋازدىن بىرەر تونۇش ئادەمنىڭ ئاۋازىنى تونۇۋالالىدىڭىزمۇ؟ ئۆزئارا كۆرسىتىدىغان بۇ تەسىردە باشقا ئىشلارغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ بۇ سۆھبەتنى يەنە بىرنەچچە مىنۇت داۋاملاشتۇرۇڭ. بۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرغاندا بىرەر ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭدىن كېيىن جىم ئولتۇرۇپ، بايىقى سۆھبەتنى ئەسلەڭ. سىز ئېھتىمال مەلۇم ئىچكى ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇشنى، ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم نوپۇزلۇق، تەنقىدىي، بۇيرۇقلارچە قىسمىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما نوپۇزلۇق بولمىغان قىسمىڭىزنىڭ توختىماستىن ئەپۇ سوراۋاتقانلىقى، ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقى ۋە باھانە ئىزدەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئەھۋال سىزنىڭ دادا ياكى ئانا بىلەن بالىغا ئايرىلغانلىقىڭىزغا ئوخشايدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانا ياكى «خوجايىن» ھامان سىزنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنىدۇ، سىزنىڭ «تېخىمۇ ياخشى» بولۇپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ، بۇ بالا ياكى «ناچار ئەھۋالدا تۇرغان ئادەم» بولسا ئۆزگىرىشكە بولغان بۇ ئۇرۇنۇشتىن ھەدەپ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. سىز تەنقىد قىلغان ياكى تەلەپ قويغان ئاۋازنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ دادىڭىز بىلەن ئانىڭىزدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئاۋاز تۇرمۇشتا سىزگە تەلەپ قويغان كىشىلەرنىڭ ئاۋازىغا، ئېيىتايلۇق، ئېرىڭىز، خوتۇنىڭىز، باشلىقىڭىز ياكى سىزنى تىزگىنلىۋالغان نوپۇزلۇق شەخسنىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاسانلا زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرايدىغان ياكى ئاشكارىلىنىدىغان ھەرقانداق ئەھۋالدا بۇنداق تەنقىدىي ئاۋاز ئاسان قوزغىلىدۇ. ئۇ قوزغالغاندىن كېيىن ئىزا ـ ئاھانەتنىڭ يامان ئايلانمىسى رول ئويناشقا باشلايدۇ. رول ئوينىغاندىن كېيىن بۇ يامان ئايلانمىنىڭ ئۆزى بىر خىل كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ بۇنداق ئىچكى دىئالوگنى مۇقەررەر ھالدا ئاشكارىلايدۇ، چۈنكى بۇ سىزنىڭ غەيرىي ئۆزلۈكىڭىزنى قوبۇل قىلىدىغان يۇرىكىڭىزنى بۆلۈشتىكى بىرقانچە خىل ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بۇ مەشىق ئۇسۇلى بۇنداق تەنقىدىي دىئالوگنى ئاڭلىق ھالەتكە كەلتۈرۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ بۇنداق ئاۋازنى ئاشكارىلاشنىڭ بىرىنچى قەدىمى.

ئۇنىڭ ئىككىنچى قەدىمى ئۆزىڭىز ئىگە بولغان ھەربىر تەنقىدىي ئۇچۇرنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، كونكرېت مۇئەييەن ھەرىكەت قىلىپ ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. «سىز شەخسىيەتچى» دېگەننى «مەن بۇ تەخسىلەرنى يۇيۇشنى خالىمايمەن» دېگەنگە ئالماشتۇرسىڭىز بولىدۇ. «سىز بەك دۆت» دېگەننى «مەن گېئومېترىيىنى ئۇقمايمەن» دېگەنگە ئالماشتۇرسىڭىز بولىدۇ. ھەربىر تەنقىدىي بايان بىر خىل يىغىنچاقلاشنىڭ نەتىجىسى. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۇ چىن بولۇشتىن قالىدۇ. چۈنكى بەزى ۋاقىتتا كىشىلەر ھامان ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىۋېرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ بەزى قاتلاملىرىنىڭمۇ ھامان ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان جايلىرى بولىدۇ. سىز يىغىنچاقلانغان بۇ نەتىجىلەر (ئەيىبلەش، باھا بېرىش ئەھۋالى) نىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، بىر خىل كونكرېت مۇئەييەن ھەرىكەت قىلىپ ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىنى كۆرۈۋېلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىڭىزنى

بىر خىل تەڭپۇڭلاشقان، بىرلىككە كەلگەن ئۇسۇل بىلەن قوبۇل قىلىسىز.

ئۇنىڭ ئۇچىنچى قەدىمى يىغىنچاقلانغان بۇ نەتىجىلەر (ئەيىبلەش، باھا بېرىش ئەھۋالى) نى قوبۇل قىلىش، ئۇ-نىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىنغان قىسىملىرىنى ئې-نىق بايانغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، «مەن بەك شەخسىيەتچى» دېگەننى «مەن شەخسىيەتچى ئەمەس» دېگەنگە ئالماشتۇرسىڭىز بولىدۇ. بۇ سۆزلەرنى ئىپادىلەش ۋە ئۆزد-نىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلاش ناھايىتى مۇھىم. مەن سىزنىڭ مەلۇم ئادەمنى، داۋالاش گۇرۇپپىڭىزدىكى ھەمرا-ھىڭىزنى، ئەڭ ياخشى يېقىن دوستىڭىزنى، ئېرىڭىزنى ياكى خوتۇنىڭىزنى تېپىپ كېلىپ، ئۆزىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۇر-گەن ئۇچۇق ـ ئاشكارا بايانىڭىزنى قارشى تەرەپكە تىل بىلەن ئىپادىلىشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن. شۇ نەرسە ئېنىق بول-سۇنكى، سىز تېپىپ كەلگەن ئوبيېكت ئىزا- ئاھانەت تۇيغۇ-سى ئېغىر ئادەم بولماسلىقى كېرەك.

## ئىجابىي تەسەۋۋۇر يارىتىشنى ئۆگىنىش

بىز يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا ئادەتتە ئۇچرىتىدىغان، توقۇ-نۇشۇپ قالىدىغان بىرىنچى ئوبراز ئۆزىمىزدىكى قاراڭغۇلۇق-تىن ئىبارەت. ئۇ كۆپىنچە كۆڭلىمىزدە ئىنكار قىلغان قىسىملاردىن تەركىب تاپقاچقا، بىز ئۇنىڭ بىلەن چىقىشال-مايمىز. لېكىن، ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى دۈش-مەنلىك قىلسا، ئۇ بارغانسېرى چىدىغۇسىز بولۇپ قالىدۇ؛ ئەگەر بىز دوستانە پوزىتسىيىدە بولساق، يەنى ئۇنىڭ مەۋ-

جۇت بولۇپ تۇرۇشى تەبىئىي ئىكەنلىكىنى چۈشەنسەك، يو-
شۇرۇن ئېڭىمىزدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇرۇلۇش
يۈز بېرىدۇ. ھالبۇكى، تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرىغان كۆپ ساددىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېڭىمىز دائىرىسىنىڭ بەك تار بولغانلىقى، شۇنداقلا قىيىنچىلىققا جىددىي قارىمىغانلىقىمىز ياكى قىيىنچىلىقنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۆزىمىز ئۇچرىغان قىيىنچىلىقنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئەڭ ياخشى يول ئۇلار بىلەن قانداق ئىجابىي ئوبراز ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت.

ئىجابىي ئوبراز يارىتىشتا ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل ئۆزىمىزنى تەرىقەتچىلەرنىڭ تەلىماتى ۋە مۇرەسسەسى بىلەن بىر گەۋدە قىلىش، بۇنداق قىلغاندا، ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن يامان ئىشلارنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ياخشى ئىش ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نوقۇل كۈندىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىنلا ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ داۋجىياۋ دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدىيىلەر تارقىلىش داۋامىدا باشقا ئەللەر خىسلىتىنىڭ پۈرىقىغا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئوخشاش مەنىدىكى ئىپادىلەرنى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆھبەتلىرىمىزدە ئىشلىتىدىغان سۆزلىرىمىزدىمۇ ئۇچرىتقىلى بولىدۇ: «ئۇ بۈگۈن ئۇقۇشماي كارىۋاتنىڭ يەنە بىر چېتىدىن چۈشتى» (ياكى شۋېتسارىيە ماقالى: «ئۇقۇشماستىن سول پۇتىدىن باشلىدى»). بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىز بىلەن ئىناق ئۆتەلمىگەن چاغدىكى پسىخىك ھالىتىمىزنى مۇۋاپىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بىز تېرىككەك، بىز بىلەن ئەپ ئۆتۈش تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئەتراپىمىزدىكى

مۇھىتقىمۇ بىر خىل بۆلۈنۈش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسى-
تىمىز، بۇ كېچىدىن كېيىن كۈندۈزنىڭ كەلگىنىگە ئوخ-
شاش تەبىئىي ئەھۋال.

ئىجابىي ئوبراز يارىتىشقا بېرىلىدىغان ئەڭ ئاددىي تەبىر
مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: ئۇ بىزگە ئوچۇق مەسلىھەتلىشىش
پۇرسىتىنى بېرىدۇ، پۇرسەت يېتىپ كەلسىلا، بىز تەبىئىي
ھالدا يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىكى كۈچ ياكى ئوبراز بىلەن كېلى-
شىم ھاسىل قىلىمىز. ئۇ بۇ قاتلامدا چۈشكە ئوخشايدۇ،
چۈنكى بىز چۈشتىكى ھەرىكىتىمىزنى تىزگىنلەيمىز. ئەل-
ۋەتتە، تەھلىل قىلىنغان كۆپ ساندىكى مىساللاردىن چۈش
كۆرگەندەك ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر
قېتىم تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسى بارلىققا كېلىدىغانلىقىنىمۇ چۈ-
شەندۇق. پەقەت ئاز ساندىكى مىساللاردا تەلەپ كۆپرەك
بولىدۇ. لېكىن، ئالغا ئىلگىرىلەشتىن بۇرۇن، مەن ئىجا-
بىي ئوبراز يارىتىشتا ئىشلىتىشكە بولىدىغان بىر خىل ئەمە-
لىي ئۇسۇلنى قىسقىچە بايان قىلماقچىمەن.

ئالدى بىلەن، سىز ئۆزىڭىز يالغۇز قالغان مۇھىتتا
تۇرۇپ، كاشىلىغا ئۇچراش مۇمكىنچىلىكىنى ئازايتىپ ئەڭ
تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن جىم ئولتۇ-
رۇپ، يوشۇرۇن ئاڭدىن كەلگەن بارلىق نەرسىلەرنى ئاڭلاڭ
ياكى كۆرۈڭ. ئادەتتە ئىنتايىن قىيىن بولغان بۇ تەرتىپنى
تاماملىغاندىن كېيىن، بۇ ئوبرازلارنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ ھالى-
تىگە يەنە چۆكۈۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆرگەن
ۋە ئاڭلىغانلىرىڭىزنى رەسىم سىزىش ياكى خەت يېزىش
ئارقىلىق خاتىرىلىۋالسىڭىز بولىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭنى پاش
قىلىشنىڭ ۋاستىلىك ياخشى ئۇسۇلى ھېكايە يېزىش، رو-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شەنكى، باشقىلار ھەققىدىكى ھېكايىنى يېزىشتىن ئىبارەت. بۇ ھېكايىلەر يازغۇچىنىڭ ئاڭسىز ھالەتتىكى بىر قىسىم روھىي ھالىتىنى جەزمەن ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

ھەربىر مىسالدا، ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزىمىزنىڭ يوشۇ-رۇن ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يوشۇرۇن ئاڭغا ئۆزىنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا ئىپادىلەش پۇرسىتىنى بېرىدۇ. ئۇ يوشۇرۇن ئاڭغا ئۆزىنى ئىپادىلەش پۇرسىتىنى بېرىش ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك كۆلىمى چوڭ ياكى كىچىك بولغان «ئاڭنىڭ ئاسارىتى» نى تۈگىتىشى، شۇنداقلا دائىم يوشۇرۇن ئاڭدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان خام خىيالنىڭ ئاڭغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك (ئۇستاز جۇنگې ماڭا ئۆزىنىڭ چۈش كۆرۈش ئادەتتە يوشۇرۇن ئاڭ ھالىتىدە يۈز بېرىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى، لېكىن ئاڭ دائىرىسىدە خاتىرە قالدۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوخلاش كېرەكلىكى ۋە سىرتتىكى شەيئىلەرگە بولغان دىققەتنى پۈ-تۈنلەي توختىتىش كېرەكلىكىنى ئېيتقان). قانۇنىيەتكە ئوخشاش، ئىجابىي ئوبراز يارىتىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئويى-غاق ۋاقىتتا چۈشنىڭ مەزمۇنىنى ئۆگىنىش، سۆزلەش، ئۇنى كۆزىتىش ۋە ئاڭلاشتىن ئىبارەت.

جۇنگې باشقا جايلاردىمۇ ئىدىيىنىڭ ھەرىكىتى ۋە مەۋج ئۇرۇشىنى شۇنداق خام خىياللار بىلەن ئۇچرىشىش ئۇسۇللىد-رىنىڭ بىرى قىلغان. ئۇ، ئىدىيىنىڭ ھەرىكىتىدىن پايدىلى-نىش بەزىدە ئاڭنىڭ ئاسارىتىنى تۈگىتىشتە ئەڭ چوڭ ياردەم بەرسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىكى قىيىنچىلىق بۇ ھەرىكەتنى قان-داق خاتىرىلەشتىن ئىبارەت، چۈنكى تاشقى شەكىللىك خاتى-

-رە بولمىسا، ئاڭسىز ھالەتتىن كېلىپ چىققان نەرسىلەر ئاڭلىق ھالەتتىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

جۇنگى مېڭىمىزدە بۇ شەيئىلەرنى تەكرارلىنىدىغان ئۇ-سۇل بىلەن قويۇپ بېرىشنى، تاكى ئۇلار خاتىرىمىزدە مۇ-قىملاشقىچە شۇنداق قىلىشنى تەكلىپ قىلغان، لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزۈمىنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىدىيىنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە مەۋج ئۇرۇشىنى رەسىم قىلىپ سىزىش ياكى بىرقانچە قۇر يېزىق بىلەن خاتىرىلەپ قويۇشمۇ بۇ ئوبرازلارنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە پۈتۈنلەي غايىب بولۇ-شىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ياخشى ئۇسۇل.

يۇقىرىقى ئۇسۇللاردىن تاشقىرى، ئىجابىي ئوبراز ئار-قىلىق يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ يەنە بىر ماھارد-تى، شۇنداقلا مەن ئەڭ چوڭ ياردەم بېرىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى بايقىغان ئۇسۇل يوشۇرۇن ئاڭدا ئادەمىيلىشىش ئۇسۇلى بويىچە كۆرۈنگەن ئوبرازلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە، سۆھبەتلىشىدىغان ئوبيېكتنىڭ كىم ئىكەنلىد-كىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداق قىلغاندىلا، يوشۇ-رۇن ئاڭدىن چىققان ھەربىر ئاۋازنى پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان ئىلھامنىڭ بېشارىتى دەپ قاراشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇنى كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن خېلى ئاسان ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ئەمما، كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئادەم بۇ ئاۋازنى ياكى سۆزلەش ئۇسۇلىنى پەرق ئېتىشنى يەنىلا ئۆگىنىۋالالايدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا خاتالىق

يۇز بەرمەيدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يوشۇرۇن ئاڭدا كۆرۈن-
گەن بۇ ئوبرازلار ئىنتايىن زىددىيەتلىك بولىدۇ: ئۇلاردا
ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى قۇتۇپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلار دائىم بىر - بىرىگە كاشىلا قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق
ئەھۋالدا، ئوبرازدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا ئاساسەن ئەڭ مۇ-
ۋاپىق ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن. بىز ئىجابىي ئوبراز بىلەن
ئۇچراشقاندا، سۆزىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزگە بارلىق ئاڭلىق
دىققىتىمىزنى قارىتىشىمىز، ھەتتا تاشقى ئەھۋالغا قاراتقان
دىققىتىمىزدىنمۇ كۆپ دىققىتىمىزنى قارىتىشىمىز كېرەك.
مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ پاسسىپ خام خىيالغا ئايلى-
نىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.
مەيلى كۆرۈش سەزگۈسى ئۇسۇلىنى قوللىنايلى، ياكى
ئاڭلاش سەزگۈسى ئۇسۇلىنى قوللىنايلى، ماھارەت جەھەتتى-
كى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئوبرازلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن
ئىبارەت. ئەمما، بۇ ئوبرازلارنىڭ كالېيدوسكوپقا ئوخشاش
چەكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىق كېرەك. مە-
سىلەن، بىرىنچى قېتىم قۇش كۆرۈنگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۆز
مەيلىچە راۋاجلىنىشىغا يول قويۇلسا، چاقماق تېزلىكىدە
شىرغا، دېڭىزدىكى پاراخوتقا، ئۇرۇش مەنزىرىسىگە ئايلى-
نىپ كېتىشى ياكى ھېچنېمە بولماي قېلىشى مۇمكىن. بۇ
ماھارەتلەر ئادەم ئۆزىنىڭ دىققىتىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرۈن-
گەن ئوبرازغا قارىتىش، قۇشنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىگە يول
قويماسلىق، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۇچۇن كۆز ئالدىمىزدا مۇ-
شۇنداق شەكىلدە پەيدا بولغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن
ئاڭدىن بىزگە نېمە ئۇچۇر ئەكەلمەكچى بولغانلىقىنى ياكى
بىزدىن نېمە ئالماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرگىچە شۇنداق



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ﻪﻠﻴﺸﻨﻯ ﺋۆز ﺋﯩﭽﯩﮕﻪ ﺋﺎﻟﯩﺪۇ. ﺑﯩﺰ ﺑۇﻧﺪاق ﺋﻮﺑﺮازﻧﯩﯔ ﺋﺎرﻗﺎ
ﻛۆرۈﻧۈش داﺋﯩﺮﯨﺴﯩﮕﻪ ﻛﯩﺮﯨﺸﯩﻤﯩﺰ ﻳﺎﻛﻰ ﺳۆﻫﺒﻪﺗﻜﻪ ﻗﺎﺗﻨﯩﺸﯩ-
ﺸﯩﻤﯩﺰ زۆرۈرﻟۈﻛﯩﻨﻰ ﭼۈﺷﻪﻧﺪۈق. ﺋﻪﮔﻪر ﺋﻮﺑﺮازﻧﻰ ﻗﺎﻧﺪاق
ۋۇﺟۇدﻗﺎ ﻛﻪﻟﺘﯜرۈﺷﻨﻰ ﺋۆﮔﯩﻨﯩﯟاﻟﻐﺎﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ ﺑۇ ﻗﻪدەﻣﻨﻰ
ﻗﯩﺴﻘﺎرﺗﯩﯟەﺗﺴﻪك، ﺑۇ ﺧﺎم ﺧﯩﻴﺎل ﻳۇﻗﯩﺮﯨﺪا ﺋﯧﻴﺘﯩﻠﻐﺎﻧﺪەك ﺋۆز-
ﮔﯩﺮﯨﺶ ﻳۈز ﺑﯧﺮﯨﺸﻰ ﻳﺎﻛﻰ ﭘﺎﺳﺴﯩﭗ ﻛﯩﻨﻮﻏﺎ ﺋﻮﺧﺸﺎش ﺳﺎﻗﻠﯩ-
ﻨﯩﭗ ﻗﯧﻠﯩﺸﻰ ﻣۇﻣﻜﯩﻦ، ﺑﯩﺰ ﺑﯩﺮﯨﻨﭽﻰ ﺋﻮﺑﺮازﻧﻰ ﺋﯩﮕﯩﻠﯩﮕﻪن
ﺗﻪﻗﺪﯨﺮدﯨﻤﯘ، ﺋۇﻧﻰ رادﯨﺌﻮ ﺧﻪۋەرﻟﯩﺮﯨﻨﻰ ﺋﺎڭﻠﯩﻐﺎﻧﺪەك ﻫﯧﺲ
ﻗﯩﻠﯩﺸﯩﻤﯩﺰ ﻣۇﻣﻜﯩﻦ. ﺷۇڭﺎ، ﺋﻮﺑﺮازﻧﻰ ۋۇﺟۇدﻗﺎ ﻛﻪﻟﺘۈ-
رۈش، دەرۋەﻗﻪ، ﺋﯩﻨﺘﺎﻳﯩﻦ زۆرۈر، ﺋﻪﻣﻤﺎ، ﺋۇﻧﯩﯖﻐﺎ ﺋﻪﮔﻪر
ﺑﻪك ﺋۇزاق ﺑﯧﺮﯨﻠﯩﭗ ﻛﻪﺗﺴﻪك، ﺋۇ ﺗﯧﺰﻻ زﯨﻴﺎن - زەﺧﻤﻪت
ﻳﻪﺗﻜﯜزﯨﺪﯨﻐﺎن ﺑﻮﻟۇپ ﻗﺎﻟﯩﺪۇ. ﺋﯩﺠﺎﺑﯩﻲ ﺋﻮﺑﺮاز ﻳﺎرﯨﺘﯩﺸﺘﯩﻜﻰ
ﭘۈﺗۈن ﻣﻪﻗﺴﻪت ﻳﻮﺷۇرۇن ﺋﺎڭ ﺑﯩﻠﻪن ﻛﯧﻠﯩﺸﯩﻢ ﻫﺎﺳﯩﻞ ﻗﯩ-
ﻠﯩﺸﺘﯩﻦ ﺋﯩﺒﺎرەت، ﺷۇڭﺎ ﺑۇ ﺋﻮﺑﺮاز ﻳﻮﺷۇرۇن ﺋﺎڭ ﺑﯩﻠﻪن
ﺑﯩﻠﻠﻪ ﻧﺎﻣﺎﻳﺎن ﺑﻮﻟۇﺷﻰ، ﺷۇﻧﺪاﻗﻼ ﺋۆزﯨﻤﯩﺰﻧﯩﯔ ﻗﻪﺗﺌﯩﻲ ﺑﻮﻟﻐﺎن
ﻛۆز ﻗﺎرﯨﺸﻰ ﺑﻮﻟۇﺷﻰ ﻛﯧﺮەك.